
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مىڭ بىر كېچە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇبارەك غاپپار
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات
ئېرجان تۆلەۋ
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: روشەنگۇل تۇرسۇن
ھەبىبۇللا ئېلى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: ياسىن ئۇبۇلقاسىم
تۇرغۇنجان سۇلتان




ISBN 7-80658-902-3

ISBN 7 - 80658 - 902 - 3
باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مىڭ بىر كېچە

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخسۇم ئىلاخۇن



**图书在版编目（C I P）数据**

一千零一夜/王同年改编；买合苏木·伊拉洪译．—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-902-3

Ⅰ．一… Ⅱ．①王… ②买… Ⅲ．民间故事作品集—阿拉伯半岛地区—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I371.73

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 037198 号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**مىڭ بىر كېچە**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك

شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7

ISBN 7-80658-902-3

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

**责任编辑:** 穆巴拉克·阿帕尔

**美术编辑:** 阿扎提·巴拉提<br>叶尔江·铁流

**责任校对:** 海来提·阿比提<br>艾比布拉·艾力

**审　　订:** 亚森·吾不力哈斯木<br>吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

**一千零一夜**（维文）

买合苏木·伊拉洪　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本: 787×970 毫米 1/32　　印张: 7
ISBN 7-80658-902-3

定价: 7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话: 0991-4521461

## مىڭ بىر كېچە ھەققىدە

«مىڭ بىر كېچە» 8 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق يىللار داۋامىدا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ توپلىشى، رەتلىشى ۋە پىششىقلىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئۇ ئەرەب ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىجادىيىتى، شۇنداقلا ئەرەب يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

كىتابتىكى ھېكايىلەر ئاساسەن ئۈچ تەرەپتىن كەلگەن: بىرىنچىسى، ھىندىستاندىن پېرسىيىگە، ئاندىن ئەرەبلەرگە تارقالغان ھېكايىلەر بولۇپ، بۇلار كىتابنىڭ مەركىزىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھېكايىلەر ئەسلىدە ھىندىستاندىن كېلىپ چىققان ۋە دەسلەپتە سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان، كېيىن سانسكرىت يېزىقىدىن قەدىمكى پارس يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئاندىن قەدىمكى پارس يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ، غەربىي ئاسىيادىكى ئەرەب رايونىدا تېز سۈرئەتتە تارقالغان ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەرەب ھېكايىلىرى قوشۇلغان؛ ئىككىنچىسى، ئىراقتا يېزىلغان ھېكايىلەر

بولۇپ، ئۇلاردا ئابباسىيلار سۇلالىسى ھەققىدىكى ھېكا-
يىلەر، بولۇپمۇ خەلىپە ھارۇن رەشىد ھۆكۈمرانلىقى
دەۋرىدىكى ھېكايىلەر سۆزلىنىدۇ. 10 ـ ئەسىردىن 11 ـ
ئەسىرگىچە، بۇ رايوندا كۆپ قېتىم تاللاش ۋە ئۆزگەر-
تىپ يېزىش ئارقىسىدا، خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى
بولغان «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى،
ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ھېكايىلەر ۋە پېرسوناژلار ئاساسىي
جەھەتتىن شەكىللەنگەن؛ ئۈچىنچىسى، مىسىر ھېكايە-
لىرى بولۇپ، ئۇلاردا مىسىر مەملۇك خانىدانلىقى
(1250 ـ 1517) دەۋرىدىكى ھېكايىلەر سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ
ئىچىدە ئىككىنچى قىسىمدىكى ئىراق ھېكايىلىرىنىڭ
رېئاللىق تۈيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك، چۈنكى ئۇ «مىڭ بىر
كېچە» كىتاب بولۇشقا باشلىغان دەۋردىكى رېئال تۇر-
مۇشنىڭ ئىنكاسى. ھىندىستان، يۇنان، ئىبرانى قاتار-
لىقلاردىن كەلگەن ھېكايىلەرگە كەلسەك، ئۇلارمۇ كەڭ
رەستە سەنئەتكارلىرى، ئەدىبلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە
قايتا ئىجاد قىلىشى ئارقىسىدا ئەرەبچە تۈس ئالغان،
ئۇلار كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان ئەرەب ھېكايىلىرى
توپلىمىغا ئەپچىللىك بىلەن كىرگۈزۈلگەن. بۇ ھېكا-
يىلەر توپلىمى 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاساسىي جەھەت-
تىن مۇقىم بىر شەكىلگە كىرگەن، بۇ چاغدا ئەرەب ئىم-
پېرىيىسىنىڭ ھالاك بولغىنىغا 300 يىلدىن ئاشقانىدى.

«مىڭ بىر كېچە» — كۆپ توپلاملىق، ھەجمى چوڭ ئەسەر. ئۇنىڭ قولىيازما نۇسخىسى ناھايىتى كۆپ، مەيلى ھېكايىنىڭ سانى ياكى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن، بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدىغان قولىيازما نۇسخىسىنى تېپىش ناھايىتى تەس. 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيىلىك گرەن تۆنجى قېتىم «مىڭ بىر كېچە» نى قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن، فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرمۇ بۇ ئەرەب خەلق چۆچەكلىرى توپلىمىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، مۇتەخەسسىسلەر سېلىشتۇرۇپ بېكىتكەن بىرنەچچە خىل ئەرەبچە ئەسلىي نۇسخىسى كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان، ئۇنىڭ ئىچىدە 1835 - يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى بىردىنبىر مۇكەممەل نۇسخا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

«مىڭ بىر كېچە» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توپلامنىڭ بېشىدىلا ئېيتىلغان: رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى زاماندىكى ھىندىستان بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا ساسسانى خانلىقى دېگەن بىر خانلىق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ پادىشاھى شەھرىيار زالىم - ۋەھشىي، كۆڭدەشلىكى ئېغىر ئادەم بولۇپ، خانىشىنىڭ ھەرىكىتى دۇرۇس بولمىغانلىقتىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن، ئۇ ھەر كۈنى بىر قىزنى خانىشلىققا ئېلىپ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۆچ ئالىدىكەن. ۋەزىرنىڭ قىزى شەھرىزاد بىگۇناھ قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن پادىشاھقا ياتلىق بوپتۇ. ئۇ ھېكايە ئېيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ پادىشاھنى قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ۋاقىتنى ئارقىغا سوزىدىكەن، ھەر قېتىم ھېكايە ئەڭ قىزىق يېرىگە كەلگەندە، تاڭ ئېتىپ قالىدىكەن ـ دە، پادىشاھ ھېكايىنىڭ نەتىجىسىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قىيمايدىكەن، مۇشۇ تەرىقىدە ھېكايە مىڭ بىر كېچىگىچە داۋاملىشىپتۇ، پادىشاھ ئاخىر تەسىرلىنىپ، شەھرىزاد بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشكە ماقۇل بوپتۇ. كىتابتا ۋەقەنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسەن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز بولغان نەچچە يۈزلىگەن ھېكايىنى ئۆزئارا باغلاش مەقسەت قىلىنغان.

# پادىشاھ شەھرىيار ۋە ۋەزىرىنىڭ قىزى شەھرىزاد

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ساسانى خاندانلىقى دەيدىغان بىر خانلىق بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى زېرەك ھەم باتۇر چەۋەندازلاردىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ چوڭى شەھرىيار تەختكە ۋارىسلىق قىپتۇ؛ كىچىكى شاھزامان سەمەرقەندنىڭ شاھى بولۇپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ھەر ئىككىلىسى ئادىل شاھلاردىن بولۇپ يېتىلىپ چىقىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھرىيار ئىنىسىنى سېغىنىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ چاقىرىپ كېلىشكە ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئىنىسى شاھزامان خۇرسەنلىك بىلەن بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئۆز ئورنىدا ۋاقتىنچە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ تۇرۇشقا ۋەزىرىنى تەيىنلەپ قويۇپ، بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.

يېرىم كېچىدە، بىر مۇھىم نەرسىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ دەرھال ئوردىغا قايتىپ

قارىسا، خوتۇنى بىر نېگىر قۇل بىلەن قۇچاقلىشىپ ياتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن پادىشاھ شۇ زامات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ ـ دە، ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ يولغا چىقىپتۇ.

شەھرىيار ئىنىسىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن شاھزامانىنىڭ كۆڭلى خوتۇنى بىلەن نېگىر قۇلنىڭ ئىشى تۈپەيلىدىن غەش بولۇپ، قايغۇ ئىچىدە رەڭگى كۈندىن ـ كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپتۇ. ئاكىسى شاھزامان ئۆز پۇقرالىرىنى سېغىنغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلماپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، شەھرىيار شاھزامانغا بىرلىكتە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. شاھزامان ئاكىسىنىڭ بۇ تەكلىپىگە زىنھار ئۇنىماپتۇ ۋە ئوردىدا ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ دېرىزىنى ئېچىپ قارىسا، يىگىرمە ئەر قۇل بىلەن يىگىرمە ئايال قۇل ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ـ خانىشنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا كۆل بويىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ قىپيالىڭاچ ھالدا ئويناۋاتقۇدەك. شاھزامان ئىچىدە: «مېنىڭ غېمىم بۇنىڭغا قارىغاندا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ» دەپ ئويلاپ ـ دە، يەلكىسىدىن ئېغىر بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ قاپتۇ.

شەھرىيار شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، ئىنىسىنىڭ

غەمسىز، خۇشال ــ خۇرام يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. شاھزامان ئاكىسىغا نەچچە كۈندىن بېرى غەمكىن بولۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، لېكىن بۈگۈن كەيپىياتىنىڭ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمەپتۇ. ئاكىسىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن، شاھزامان ئاخىر بۈگۈن ئوردىدا كۆرگەنلىرىنى شەھرىيارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. لېكىن شەھرىيار بۇنىڭغا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمەن، دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شەھرىيار ئۇكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، يەنە ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ كەتكەندەك قىلىپ، بىلىندۇرمەي ئىنىسى تۇرغان ئۆيگە مۆكۈنۇۋاپتۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، خانىش يەنە ئەر ـ ئايال قۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا باغچىدا ئويناۋاتقانلىقىنى ۋە شاھزامان ئېيتىپ بەرگەندەك قىپيالىڭاچ بولۇپ بىرلىكتە سۇغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھرىيار ئەقلىدىن ئازغۇدەك بولۇپ، ئىنىسى شاھزامانغا:

— بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، بىزگە بۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم ياخشى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئوردىدىن چىقىپ دېڭىز بويىغا كەپتۇ ـ دە،

يوغان بىر دەرەخ تۈۋىدە دەم ئاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن دېڭىز دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىر قارا قۇيۇندەك نەرسە پەيدا بولۇپ، ئۇدۇل ئۇلار تۇرغان ئوتلاق تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تېزدىن دەرەخنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىۋاپتۇ. بۇ چاغدا، ھېلىقى قارا قۇيۇن ئىچىدىن بېشىدا بىر ساندۇق كۆتۈرىۋالغان سۇرلۇك بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە، ئۇ ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشۈپ، دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇ-رۇپتۇ ۋە بېشىدىكى ساندۇقنى ئېلىپ ئېچىپتۇ، ساندۇق ئىچىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر ساھىبجامال قىز چى-قىپتۇ.

ھېلىقى دىۋە ساھىبجامال قىزغا:

— توي كېچىسى مەن سېنى ئېلىپ قاچتىم، ئەم-دى مەن بىرئاز ئۇخلىۋالاي، — دەپتۇ ـ دە، يېتىپ ئۇيۇ-قۇغا كېتىپتۇ.

ھېلىقى ساھىبجامال قىز دەرەخ ئۈستىدىكى ئاكا ـ ئۇكىلارنى بايقاپ قېلىپ، ئۇلارغا يەرگە چۈشۈڭلار دەپ شەرەت قىپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن نائىلاج دەرەختىن چۈشۈپتۇ. ساھىبجامال قىز يېنىدىن 570 تال ئۈزۈك ئۆتكۈزۈلگەن بىر زەنجىرنى ئېلىپ كۆرسىتىپ:

— بۇ ئۈزۈكلەرنىڭ ئىگىلىرى بۇرۇن مەن بىلەن

ياخشى ئۆتكەن، ئەمدى سىلەرمۇ ماڭا بىردىن ئۈزۈك بېرىڭلار! — دەپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىردىن ئۈزۈكىنى قىزغا بېرىپتۇ. قىز ئۈزۈكنى ئېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ دىۋە مېنى توي كېچىسى ئېلىپ قاچتى، مېنى ساندۇققا سېلىپ دېڭىزغا تاشلىدى. بىراق، ئاياللار بىرەر ئىش قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقانداق نەرسە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ!

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن: «دىۋىنىڭ ئالدىنىشى بىزنىڭ ئالدىنىشىمىزدىن ھەقىقەتەنمۇ ئېشىپ كەتسە كېتىدىكەنكى، ھەرگىز قىلىشمايدىكەن، بۇ ھال بىزگە تەسەللى بولالايدۇ» دەپ ئويلاپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، شەھرىيار ئاياللارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ھەر ئاخشىمى بىر قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر كېچە بىللە بولىدىكەن ـ دە، ئەتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلىتىدىكى كىشىلەر قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، قىزلىرىنى ياقا يۇرتلارغا ئېلىپ كېتىشكە باشلاپتۇ.

پادىشاھ ئادىتى بويىچە ۋەزىرگە چىرايلىق قىز تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەپ بىرمۇ قىز تاپالماي، غەمگە پېتىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ چوڭ قىزى شەھرىزاد دادىسىنىڭ بۇ

غەمكىن ھالىتىنى كۆرۈپ، زادى نېمە ئىش بولغانلى-
قىنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ. ۋەزىر قىزىغا پادىشاھنىڭ ئۆ-
زىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

شەھرىزاد دادىسىغا:

— ئەي ئاتا، مېنى شاھقا ياتلىق قىلىپ بېرىڭ. بۇنىڭ بىلەن مەن يا ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلىرىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالارمەن، ياكى بولمىسا باشقا قىزلارغا ئوخشاش ھاياتىمدىن ئايرىلارمەن، — دەپتۇ.

ۋەزىر قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، شەھرىزاد ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ، نەتىجىدە ئاتىسى نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. شەھرىزاد مېڭىش ئالدىدا سىڭلىسى دۇنيازادقا:

— شاھنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، مەن ئادەم ئەۋەتىپ سېنى چاقىرتىمەن. سەن شاھنى كۆرگەندىن كېيىن، ماڭا:

— ھەدە، بىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىڭ، دەي-سەن، شۇ ئارقىلىق بىز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، شاھنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلىمىز، — دەپتۇ.

شاھ شەھرىزادنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. كەچتە، شەھرىزاد يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئالىيلىرى، ئۆيدە بىر سىڭلىم بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي دېگەنىدىم، — دەپتۇ. شاھ ئۇنىڭ سىڭلىسى دۇنيازادنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشنى

بۇيرۇپتۇ. ئاچا ـ سىڭىل قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئاندىن شاھ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا دۇنيازاد شەھرىزادنىڭ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئىچى پۇشۇپ تۇرغان شاھ ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شەھرىزادنىڭ ھېكايە ئېيتىپ بېرىشىگە رۇخسەت قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شەھرىزاد كېيىنى ـ كەينىدىن ھېكايە ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

# ئالاۋىددىن ۋە ھېكمەتلىك چىراغ

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى دەيدىغان بىر دۆلەت بولغان ئىكەن؛ بۇ دۆلەتتە مۇستاپا ئىسىملىك بىر ماشىنچى بار ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن نامرات بولغاچقا ھەتتا، بالا ـ چاقىسىنىمۇ با- قالمايدىكەن.

ماشىنچىنىڭ ئالاۋىددىن دېگەن بىر ئوغلى بار ئى- كەن، ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئىنتايىن كەپسىز بولۇپ، سەللا چوڭ بولغاندىن كېيىن كۈن بويى تالادىلا يۈرى- دىغان بولۇۋاپتۇ.

ئالاۋىددىن چوڭ بولۇپ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىدىغاندەك بولغاندا، دادىسى ئۇنىڭغا ماشىنچىلىقنى ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. بىراق دادىسى بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئۆ- گەتسىمۇ، ئۇ زادىلا ئۆگىنەلمەپتۇ. ئۆگەنگۈسىمۇ كەل- مەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى خاپىلىقتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئالاۋىددىن ئون بەش ياشقا كىرگەندە، بىر كۈنى ئۇ كوچىدا كېتىپ بارسا بىر ناتونۇش ئادەم ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئافرىقىلىق سېھىرگەر، ئالاۋىددىننىڭ تاغىسىمەن دەپتۇ.



ئەتىسى ھېلىقى سېھىرگەر مېۋە- چېۋە، شاراب ئېلىپ ئالاۋىددىننىڭ ئاپىسىنى يوقلاپ كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوبدان سىڭلىم، مەن ئىنىمدىن ئايرىلىپ كەتـكەندىن كېيىن، ياقا يۇرتلاردا 40 يىل سەرسان بولۇپ يۈردۈم، شۇڭا سىز مېنى تونۇمايسىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھايىتى جاپا تارتىپ يۇرۇپ ئاخىر يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. بىراق، بەختكە قارشى ئىنىم ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ مەن بۇ بالىنى كۆرۈپ ئىنىمنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم- دە، كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالدى، ئاتا- بالا ئىككىسى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىكەن!

ئانا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېرىنى ئەسلەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ئاڭلىسام ئالاۋىددىن تېخى بىرەر ھۈنەر ئۆگەنمەپتۇدەك، — دەپتۇ. سېھىرگەر ئالاۋىددىننىڭ ئانىسىغا، — مەن ئۇنىڭغا گەزمال دۇكىنى ئېچىپ بېرەي، ئۇ سودىگەرلەردىن ئوقەت قىلىشنى ئۆگەنسۇن. بۇنىڭ بىلەن پۇلمۇ تېپىپ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرگىلى بولىدۇ.

ئالاۋىددىن بۇنداق دۇكان ئاچقان ئادەم ھۆرمەتكىمۇ، مەرتىۋىگىمۇ ئىگە بولالايدۇ دەپ ئىنتايىن خۇش بوپتۇ. دەسلەپ، ئالاۋىددىننىڭ ئاپىسى بۇ سېھىرگەرنىڭ

ئېرىنىڭ ئاكىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەپتۇ. لېكىن ئۇ-نىڭ ئوغلىغا دۇكان ئېچىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپلا شەكسىز ئىشەنچ باغلاپتۇ، شۇنداقلا ئوغلىغا جەزمەن تاغاڭغا ئوخشاش ئوبدان ئىشلە دەپ قايتا-قايتا تاپىلاپتۇ.

ئەتىسى سېھىرگەر دېگەندەكلا ئالاۋىددىننى ئالىي دەرىجىلىك كىيىم-كېچەك دۇكىنىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە قۇر ئەڭ ئېسىل كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىپتۇ. پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا سېھىرگەر ئىنتايىن سېخىيلىق قىلىپ، باھا تالاشمايلا پۇل تۆ-لەپتۇ.

يېڭى كىيىم كىيگەن ئالاۋىددىن بىردىنلا كاتتا ئا-دەم بولۇپ كېتىپتۇ. سېھىرگەر يەنە ئۇنى ئاۋات بىر چوڭ كوچىغا باشلاپ بېرىپ، ئېسىل رەختلەرنى سې-تىۋاتقان دۇكانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سەن تېزلا سودىگەر بولۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن. شۇڭا، سەن تېزدىن بۇ دۇكانلارنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن تونۇشقىن، — دەپتۇ.

ئاندىن كېيىن، سېھىرگەر يەنە شەھەردىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتنى ئالاۋىددىنغا كۆرسىتىپتۇ، ئۇنى كاتتا بايلارنىڭ مېھمانخانىسىغا، سۇلتاننىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا سېھىرگەر ئۆزى تۇرغان جايغا

كېلىپ، تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ باي ـ سودىگەرلەرنى مېھ-مان قىلىپتۇ ھەمدە ئۇلارنى جىيەنى بىلەن تونۇشتۇرۇپتۇ.

ئالاۋىددىن سېھىرگەرنىڭكىدە يېرىم كېچىگىچە تۇ-رۇپتۇ، ئاندىن سېھىرگەر ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئانا ئالاۋىددىننىڭ يېڭى كىيىملەرنى كىيىۋالغانلى-قىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، سې-ھىرگەرگە مىڭ مەرتە رەھمەت ئېيتىپتۇ:

— ئوبدان ئىنىم، ئالاۋىددىن سىزنىڭ قىلغان ياخشى-لىقىڭىزنى يەردە قويمىغاي. ئىلاھىم بۇ ھىممىتىڭىزگە ئۇ جاۋاب قايتۇرغىچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەيسىز، — دەپتۇ.

— ئالاۋىددىن ئوبدان بالا، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بو-لۇڭ، ئەتە مەن يەنە ئۇنى كاتتا ئادەملەرنىڭ باغلىرىغا ئاپىرىپ چۆرگىلىتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ سېھىرگەر.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا سېھىرگەر كېلىپ ئالاۋىددىننى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، بىرنەچچە باغنى تاماشا قىلىپتۇ. ھەربىر جايغا بارغاندا ئالاۋىددىن خۇشاللىقىدا:

—بەك چىرايلىق ئىكەن! بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن! — دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ.

— ئوبدان بالام، مەن ھېرىپ قالدىم، بىردەم ئارام ئېلىپ، ئاز ـ تولا نەرسە يەۋالايلى، — دەپتۇ سېھىرگەر.

سېھىرگەر بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ، ئېلىۋالغان

تاتلىق ـ تۈرۈم ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى چىقىرىپتۇ. قورساقنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئىككىيلەن يەنە بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق باغلارنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ.

سېھىرگەر تۇيدۇرمايلا، ئالاۋىددىننى باشلاپ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر تاغنىڭ ئېتەكىگە كەپتۇ.

ئالاۋىددىن ئەزەلدىن بۇنداق يىراق جايغا بېرىپ باقمىغاچقا، ئۇ: — تاغا، بۇنداق مېڭىۋەرسەك، ئۆيگە قايتالماي قالىمىز، — دەپتۇ.

— «ئوبدان بالام، قورقما، ئالدىمىزدا ھەممىدىن گۈزەل يەنە بىر باغ بار، ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدىغانغا ئازلا قالدى، ئۇنى كۆرمىسەڭ، ئارماندا قالىسەن» دەپتۇ سېھىرگەر.

ئاخىر ئۇلار بىر تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەپتۇ، بۇ، سېھىرگەرنىڭ نىشانلىغان جايى ئىكەن.

— بولدى، — دەپتۇ سېھىرگەر ئالاۋىددىنغا، — ئەمدى مەن ساڭا قىممەتلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىمەن، سەن ئاۋۋال ئەتراپتىن بىرئاز شاخ ـ شۇمبا تېرىپ كەل، مەن ئوت ياقىمەن.

ئەتراپتا قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلار تولا بولغاچقا، ئالاۋىددىن بىردەمدىلا بىر دۆۋە تېرىپ كەپتۇ. سېھىرگەر ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ، ئالاۋىددىن چۈشەنمەيدىغان ئەپسۇنلارنى

ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۆز يېنىدىكى ئۇدى ھىنىدىدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ ئەتراپىغا چېچىپتۇ. شۇ زامات ئوتتىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، يەر يېرىلىپ، مىس ھالقىلىق تاش قاپقاق كۆرۈنۈپتۇ.

ئالاۋىددىن بۇنى كۆرۈپ قورقىنىدىن سەكرەپ تۇ-رۇپ قاچماقچى بولغاندا، سېھىرگەر ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، كاچاتقا بىرنى سېلىپ چىشىنى چۈشۈ-رۈۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

بىچارە ئالاۋىددىن يىغلاپ تۇرۇپ:

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ تاغاڭ. سەن مېنىڭ دېگىنىم بو-يىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا ساڭا قىلغان ۋەدىلىرىم بىكار بولىدۇ، — دەپتۇ سېھىرگەر.

ئالاۋىددىن نائىلاج بېشىنى سېلىپ، دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇ تاش قاپقاقنىڭ ئاستىدا بىر خەزىنە بار، ئۇ ساڭا مەنسۇپ. بۇ دۇنيادا سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرەلمەيدۇ. لېكىن، سەن جەزمەن مېنىڭ بۇيې-رۇقۇم بويىچە ئىش قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ سې-ھىرگەر.

ئالاۋىددىن ھېلى يېگەن تايىقىنى بىردىنلا پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا:

— تاغا، دەڭا، نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلاي، — دەپتۇ.

ئالاۋىددىن سېھىرگەرنىڭ دېگىنى بويىچە تاش قاپ-قاقنى مىس ھالقىسىدىن چىڭ تۇتۇپ، دادىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاچ ئاستا كۆتۈرۈپ بىر يانغا ئېلىپ قويۇپتۇ. قاپقاقنىڭ ئاستى بىرنەچچە گەز چوڭ-قۇرلۇقتىكى ئۆڭكۈر بولۇپ، كىچىك بىر ئىشىك ئار-قىلىق پەسكە چۈشكىلى بولاتتى.

سېھىرگەر ئالاۋىددىنغا مۇنداق دەپتۇ:

— بولدى، ئەمدى سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلساڭ بولىدۇ، ئاۋۋال پەسكە چۈشۈپ، ئوچۇق تۇرغان ئاۋۇ ئىشىكتىن كىرسەڭ ئالدىڭغا ئۈچ ئۆي ئۇچرايدۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەربىرىدە لىق ئالتۇن-كۈمۈش قاچىلانغان تۆت كۈپ بار. بىراق، سەن ئۇلارغا ھەرگىز چېقىلما، بۇ ئۈچ ئۆيدىن تېز ئۆتىسەن، بىر قەدەممۇ توختىمايسەن، بەدىنىڭ ۋە كىيىمىڭمۇ تامغا تېگىپ كەتمىسۇن، بول-مىسا شۇ زامات ئۆلىسەن. ئۈچىنچى ئۆيدىن چىقساڭ بىر باغ كۆرۈنىدۇ، باغدىن ئۆتسەڭ بەش باسقۇچلۇق بىر پەلەمپەي بار، پەلەمپەينىڭ ئۈستى بىر سۇپا، سۇپىدا بىر تەكچە بار، ئۇنىڭدا يېنىقلىق بىر چىراغ بار. سەن چىراغنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، پىلىكىنى سۇغۇرۇپ، مېيىنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن قوينۇڭغا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ

ماڭا بېرىسەن. چىقىدىغان چاغدا، باغدىكى مېۋىلەردىن يې-
گۈڭ كەلسە، خالىغىنىڭنى ئۈزۈۋالساڭ بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن، سېھىرگەر قولىدىكى بىر ئۈزۈكنى ئېلىپ ئالاۋىددىننىڭ قولىغا سېلىپ قويۇپ تۇرۇپ:

— بۇ سېنى بالا ـ قازادىن ئامان ساقلايدۇ، — دەپتۇ.

ئالاۋىددىن سېھىرگەرنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۈچ ئۆيدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈپ، توختىماي مېڭىپ سۇ-پىغا چىقىپتۇ، ئۇ چىراغنى ئالغاندىن كېيىن پىلىكىنى سۇغۇرۇپ تاشلاپ، مېيىنى تۆكۈۋېتىپ، قوينىغا ساپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ باغدىكى دەرەخلەردە رەڭگارەڭ مېۋىلەرنىڭ شاخ ـ شاخلىرىغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

ئۇ رەڭگارەڭ مېۋىلەر ئەسلىدە مېۋە ئەمەس، بەلكى بىباھا گۆھەر ئىكەن: ئېقى مەرۋايىت، قىزىلى گۆھەر، يېشىلى ياقۇت، پارقىراپ تۇرغىنى بىرىليانت ئىكەن. لېكىن، ئالاۋىددىن ئۇلارنى رەڭلىك ئەينەك شارچە دەپ ئويلاپ، ھەر خىلىدىن ئۈزۈپ ئىككى يانچۇقىنى لىق توشقۇزۇپتۇ، قوينىنىمۇ لىق توشقۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئۆيدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا قايتىپ كەپتۇ.

ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدا سېھىرگەر تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— ئاۋۋال چىراغنى ماڭا سۇنۇپ بەرگىن، — دەپتۇ سېھىرگەر.

لېكىن، ئالاۋىددىن قوينىنى بىباھا گۆھەرلەر بىلەن لىق توشقۇزۇۋالغان بولغاچقا، چىراغنى دەمال چىقىرال-ماپتۇ.

— ئاۋۋال مېنى تارتىپ چىقىرىۋېلىڭ، ئاندىن چى-راغنى سىزگە بېرەي، — دەپتۇ ئالاۋىددىن سېھىرگەرگە.

ھېلىقى سېھىرگەر ئاۋۋال ئالاۋىددىننى چىقىرىۋال-غىلى زادى ئۇنىماپتۇ. ئىككىيلەن ئۇزاق تالاش- تارتىش قىلىشىپتۇ، سېھىرگەرنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتۇپ ئەپسۇن ئوقۇپتۇ- دە، ئوتقا ئۇدى ھىندىنى چېچىپتۇ. شۇ زامات ھېلىقى مىس ھالقىلىق تاش قاپقاق ئۆڭ-كۈرنىڭ ئاغزىغا يېپىلىپ، ئەسلىي ھالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە ھېلىقى ئافرىقىلىق سېھىرگەر ئالاۋىددىن-نىڭ تاغىسى ئەمەس ئىكەن، ئۇ پەقەتلا ئالاۋىددىندىن پايدىلىنىپ ئۆڭكۈردىكى ھېكمەتلىك چىراغنى ئالماقچى بولغان ئىكەن. ئۇ ئەمدى مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ئالاۋىددىننى مەڭگۈ ئاشۇ ئۆڭكۈردە قالدۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، ئۇ ئالاۋىددىننىڭ قولىدا بالا- قازادىن قۇتقۇزىدىغان ئۈزۈكنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.

ئالاۋىددىن ئۆزىنىڭ ئۆڭكۈرگە قامىلىپ قالغانلىقىنى



ئاڭقىرىپ، سېھىرگەرگە ئاۋۋال چىراغ[illegible]
قاتتىق ۋارقىراپ بېقىپتۇ. لېكىن، [illegible]
ئۈستىگە زادىلا ئاڭلانماپتۇ. ئاخىر ئۇ [illegible]
كېتىپتۇ. كېيىن باغقا بارماقچى بولۇپ قارىسا، باغقا
بارىدىغان ئىشىكمۇ مەھكەم ئېتىلىپ قالغان ئىكەن.

ئالاۋىددىن يىغلاپ ـ يىغلاپ بىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدا
تويتوغرا ئىككى كۈن ئولتۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى
قورسىقى ئېچىپ، ھالىدىن كېتىپ، ئەمدى ئۆلىدىغان
ئوخشايمەن دەپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ھەممىگە قا-
دىر ئاللادىن مەدەت تىلەپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن قولى-
دىكى ئۈزۈككە قولى تېگىپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ
ئالدىدا بىردىنلا بويى ئىنتايىن ئېگىز، چىرايى كۆرۈم-
سىز، بېشى ئاجايىپ يوغان بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە:

— بۇ ئۈزۈكنى كىم تاقىغان بولسا شۇ كىشى
مېنىڭ خوجايىنىم بولىدۇ. مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇقى-
ڭىزنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن، — دەپتۇ دىۋە.

ئالاۋىددىن قورقۇپ كېتىپ، بىر ھازاغىچە ئاغزى
گەپكە كەلمەپتۇ. ئەمدى بۇ ھالغا يەتكەندە قورققاننىڭ
نېمە پايدىسى؟

— مەن بۇ يەردىن چىقىپ ئۆيۈمگە قايتماقچى-
مەن، — دەپتۇ ئالاۋىددىن.

گەپ تۈگىشى بىلەنلا يەر يېرىلىپ، ئالاۋىددىن يەر

ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ.

ئالائىددىن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئانىسىغا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ، شۇنداقلا باغدىن ئېلىۋالغان رەڭگارەڭ مېۋە-لەرنى ۋە ھېلىقى چىراغنىمۇ ئانىسىنىڭ ساقلاپ قو-يۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئالائىددىن يەر ئاستىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇممىغاچقا، كېلىپلا ئۇيقۇغا دۇم چۈشۈپ، ئەتىسى ئاران ئويغىنىپتۇ ـ دە، قورسىقى ئېچىپ، ئۇچەيلىرى تارتى-شىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئانىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تى-نىپ:

— بالام، ئۆيدە بىر چىشلەم نانمۇ يوق، — دەپتۇ.

— ئەمىسە تۈنۈگۈن ئەكەلگەن چىراغنى سېتىپ، يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كېلەي، — دەپتۇ ئالائىددىن.

ئانىسى كۆپرەك پۇلغا يارىسۇن دەپ چىراغنى ئې-لىپ سۈرتۈپ تازىلىغان ئىكەن، شۇ زامات ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇنچلۇق بىر دىۋە پەيدا بولۇپ، يوقىرى ئاۋازدا:

— مەن بۇ چىراغنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، ئەمدى مەن سىزنىڭ سادىق قۇلىڭىز، نېمە تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟! — دەپتۇ.

ئانا بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، لې-كىن ئالائىددىن ئۆڭكۈردە دىۋىنى كۆرگەن بولغاچقا،

ھېچقانداق تەمتىرىمەيلا دادىللىق بىلەن:

— قورسىقىم ئاچتى، يەيدىغان نەرسە كەلتۈر، — دەپتۇ.

دىۋە كۆزدىن غايىب بولۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يوغان پەتنۇسنى كۆتۈرگەن ھالدا پەيدا بوپتۇ. يوغان پەتنۇستا ئون ئىككى كۈمۈش تەخسە بولۇپ، ھەربىرىدە خىلمۇخىل ئېسىل يېمەكلىكلەر بار ئىكەن. دىۋە يې-مەكلىكلەرنى قويۇپ قويۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ:

ئالاۋىددىن ئانىسىنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئولتۇرۇپ مەززە قىلىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ، يەنە بىر ۋاخ يېگۈ-دەك تائام ئېشىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئالاۋىددىن دىۋە ئېلىپ كەلگەن تاماقنى يەپ بولۇپ، بىر كۈمۈش تەخسىنى بازارغا ئاپى-رىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا يېمەكلىك سېتىۋالماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا ئالاۋىددىن بىر يەھۇدىيغا ئۇچراپ قېلىپ، كۈمۈش تەخسىسىنى ئۇنىڭغا بىر تىللاغا سېتىپ بېرىپتۇ. ئالاۋىددىن بۇ پۇلغا ئاشلىق سېتىۋاپتۇ، ئېشىپ قالغان پۇلنى ئانىسىغا كۆكتات سېتىۋېلىشقا بېرىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالاۋىددىن قالغان ئون بىر كۈمۈش تەخسىنى ۋە چوڭ پەتنۇسنىمۇ ھېلىقى يەھۇ-

دىيغا سېتىۋېتىپتۇ، ئۇلار بۇ پۇللارنىمۇ خەجلەپ تۇ-
گىتىپ بوپتۇ. ئالاۋىددىن يەنە ھېلىقى ھېكمەتلىك
چىراغنى سۇرتكەنىكەن، ھېلىقى دىۋە يەنە پەيدا بوپتۇ ۋە
ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش كۈمۈش تەخسىدە ئېسىل
يېمەكلىكلەرنى كەلتۈرۈپتۇ.

بۇ قېتىم ئالاۋىددىن كۈمۈش تەخسىلەرنى بىر
زەرگەرۈشقا بىرىنى 60 تىللادىن سېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئالاۋىددىن بىلەن ئانىسى ھېكمەت-
لىك چىراغدىن تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولغان بولسى-
مۇ، ئەمما، ئۇلار يەنىلا ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈ-
ۋېرىپتۇ. ئالاۋىددىن ۋاقتى بولسىلا چوڭ گەزمال دۇكان-
لىرىغا، زىننەت بۇيۇملىرى دۇكانلىرىغا ياكى تاۋار ـ
دۇردۇن دۇكانلىرىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرى بى-
لەن پاراڭلىشىپ، ئۇلاردىن تىجارەت قىلىشنىڭ ئېپىنى
ئۆگىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۆڭكۈردىن
ئېلىپ كەلگەن مېۋىلەرنىڭ ئەينەك شارچە ئەمەس، بەل-
كى بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى، ئالاۋىددىن پادىشاھنىڭ قىزى بەدرەپىد
مەلىكىنىڭ مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ
قېلىپ، مەلىكىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى بىر كۆرۈش
قارارىغا كەپتۇ ـ دە، بىر ئامال قىلىپ مۇنچىنىڭ ئى-
شىكى كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، ئاخىر مەلىكىنىڭ گۈزەل

ھۆسن ـ جامالىنى ئېنىق كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئالاۋىددىننىڭ كېلىدىن تاماق ئۆتمەس، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەس بولۇپ قاپتۇ. ئانىسى ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا مىسكىن بولۇپ قالغانلىقىنى سورىغاندا:

— مەلىكە يۇيۇنۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدىم، شاھ ئائىلىلىرىگە ئەلچى ئەۋەتمەي قالساق، مەلىكىنى ماڭا ياتلىق قىلىپ بەرسە، — دەپ ئانىسىدىن ئۆتۈنۈپتۇ ئالاۋىددىن.

— بالام، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ — دەپتۇ ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

لېكىن، ئالاۋىددىن پادىشاھنىڭ قىزى بەدرەپىدى مەلىكە بىلەن توي قىلمىسام زادى بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئالاۋىددىننىڭ قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن، ئانا ئاخىر ئالاۋىددىن ئۆڭكۈردىن ئېلىپ كەلگەن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى چىرايلىق ياغلىققا ئوراپ، شاھ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. ئۇ ئۇ يەردە ئالتە قېتىم بېرىپ ئاران شاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— سىز كۆپ قېتىم كەلدىڭىز، ماڭا دەيدىغان نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ ئالاۋىددىننىڭ ئانىسىدىن.

ئالاۋىددىننىڭ ئانىسى ھۆرمەت بىلەن يەرگە تىزلىنىپ

تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم ئا-دەتتىكى ئىش ئەمەس، ئالدى بىلەن سىلىدىن ئىجازەت بولمىسا، سۆزلەشكە تىلىم بارمايدۇ، — دەپتۇ.

— قورقماي سۆزلەۋېرىڭ، سىزنى ئەيىبكە بۇيرۇ-مايمەن، — دەپتۇ شاھ.

ئالاۋىددىننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ مەلىكىنى قانداق كۆرگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا نەقەدەر ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى، مەلىكىنى نىكاھىغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدىغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۆ-زىنى تۈگىتىپلا ياغلىقىنى ئېچىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت-لارنى شاھقا تەقدىم قىپتۇ.

شاھ بۇنداق قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ ـ دە، يې-نىدىكى ۋەزىردىن:

— سىزنىڭچە، بۇ سوۋغا ـ سالاملار قانداقراق؟ قى-زىمغا لايىق كېلەمدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ ئىلگىرى مەلىكىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ۋەزىر شاھقا:

— ئالىيلىرى، گەرچە بۇ سوۋغا ـ سالاملار مەلىكىگە تامامەن لايىق كەلسىمۇ، مەن ئوغلۇمنىڭ بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك سوۋغا تېپىپ كېلىشى ئۈچۈن سىلىنىڭ

ئۈچ ئاي سۈرۈك بىرىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىمەن، — دەپتۇ.

— بىرىپ ئوغلىڭىزغا ئېيتمىڭ، مەن سىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزغا قوشۇلدۇم، لېكىن توينى ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۆتكۈزىمىز، — دەپتۇ شاھ ئالاۋىدىننىڭ ئانىسىغا.

ئىككى ئاي ئۆتۈپ بىر كۈنى ئاخشىمى ئالاۋىددىننىڭ ئانىسى شەھەردە تەرەپ ـ تەرەپكە پانۇسلار يېقىلغان، كىشىلەر شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەن ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئەجەبلىنىپ سوراشتۇرۇپ، بۈگۈن كەچتە ۋەزىرنىڭ ئوغلى مەلىكە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ.

ئالاۋىددىننىڭ ئانىسى ئوغلىغا پادىشاھنىڭ ۋەدىسى كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئالاۋىددىن گويا بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك، غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ چىراغنى ئېلىپ سۈرتكەن ئىكەن، شۇ زامات دىۋە پەيدا بولۇپ:

— نېمە تاپشۇرۇقىڭىز باركىن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئالاۋىددىن دىۋىگە:

— شاھ ئۈچ ئايدىن كېيىن مەلىكە بىلەن توي قىلىشىمغا ۋەدە قىلغان، لېكىن ئۇ ۋەدىسىدە تۇرماي، بۈگۈن كەچ مەلىكىنى ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بوپتۇ. ئەمدى سەن يىگىت بىلەن قىزنىڭ ھۇجرىسىغا

كىرگەندىن كېيىن دەرھال ئۇلارنى بىزنىڭكىگە ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئالاۋىددىننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا دىۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئەمدى خان ئوردىسىغا كەلسەك، مەلىكىنىڭ تويى راسا قىزىپتۇ. توي مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز ھۇجرىغا كىرىپتۇ. يىگىت قىزنى قۇچاقلىغىچە دىۋە ئۇ ئىككىسىنى كارىۋىتى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ئالاۋىددىننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئالاۋىددىن ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

ئالاۋىددىن دىۋىگە يىگىتنى كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە سولاپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

— بۇگۈن مەن سىزگە قەستەن چېقىلماقچى ئەمەسمەن، مېنىڭ مەقسىتىم سىزنى باشقىلارغا بەرگۈزمەسلىك. دادىڭىز پادىشاھ ئالىيلىرى ئىلگىرى ماڭا ۋەدە قىلغان. سىز ماڭا مەنسۇپ بولۇشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ ئالاۋىددىن مەلىكىگە. ئالاۋىددىن مەلىكىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ، بىراق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر خەنجەرنى قويۇپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە دىۋە يەنە ئالاۋىددىننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— خوجايىن، مەن كەلدىم. نېمە تاپشۇرۇقىڭىز باركىن، — دەپتۇ.

— ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئورىدىغا ئاپىرىپ قوي، — دەپ بۇيرۇپتۇ ئالاۋىددىن.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كارىۋات بىلەن قىز - يىگىت يېڭى ھۇجرىدىكى ئەسلىي جايىدا پەيدا بوپتۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئالدى - كەينىدە قىز - يىگىت دىۋىنى زادىلا كۆرمەپتۇ، ئالاۋىددىننىڭ دىۋە بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى ئەسلا ئاڭلىماپتۇ، پۈتۈن جەريان كارىۋات سەلمىدىرلاش، يىگىت بىلەن قىز باشقا جايغا يۆتكىلىشتىنلا ئىبارەت بوپتۇ.

دىۋە كارىۋاتنى ئەمدىلا قويۇپ تۇرۇشىغا، پادىشاھ يېڭى ھۇجرىغا كىرىپ كەپتۇ. توڭلاپ ئۆلەي دەپ قالغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئالمان - تالمان كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ قىزىنىڭ چىرايىنىڭ شۇنچە سارغىيىپ، ئۈن - تىنسىز ياتقانلىقىنى، كۆزلىرىدە ئازابلىنىش ۋە ئاغرىنىش ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقاپتۇ ۋە بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ گۇمان قىپتۇ. ئاندىن خانىشىمۇ مەلىكىنىڭ يېڭى ھۇجرىسىغا كەپتۇ ۋە قىزىنىڭ ئۈن چىقارماي، ئۆزىگە غەمكىن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان:

— سىزگە جەزمەن بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ قىزىم، تېز دەڭ! مېنى تەقەززا قىلماڭ، — دەپتۇ.

مەلىكە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئاخىر خانىشقا

ئاخشامقى سەرگۈزەشتىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش قىزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەپتۇ.

— بالام، بۇنى ھەرگىز باشقىلارغا دېمىگىن، بولمىسا كىشىلەر پادىشاھنىڭ قىزى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەيدۇ، — دەپتۇ ئانىسى.

— ئانا، مېنىڭ ئەس - ھوشۇم جايىدا، ئېرىمدىن سوراپ بېقىڭ. ئۇمۇ شۇنداق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە.

توي داغدۇغىسى يەنە بىر كۈن داۋام قىپتۇ، بىراق قىز ئازابلىق خىياللاردىن زادىلا قۇتۇلالماپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئازاب چېكىپتۇ.

ئالاۋىددىننىڭ ئاخشامقى پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن كەچ ئۇلارنىڭ يەنىلا ئەر - خوتۇندەك بىللە بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇڭا ئۇ يەنىلا ھېكمەتلىك چىراغدىن مەدەت تىلەپ، دېۋىگە تونۇگۈنكىگە ئوخشاش ئۇلارنى كارىۋىتى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. دېۋە ۋەزىرنىڭ سادىقلىق بىلەن ئورۇنداپتۇ. مەلىكە يەنە بىر كېچە ئالاۋىددىن بىلەن بىر كارىۋاتتا بىر ياستۇققا باش قويۇپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ يەنە يېڭى ھۇجرىغا كېلىپ، مەلىكىنىڭ يەنىلا تۇنۇگۈنكىدەك تاراملاپ ياش تۆكۈپ تۇرغان مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. مەلىكە بېشىنى ساڭگىلىتىپ گەپ قىلماي تۇرۇۋاپتۇ. شاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، شارتلا قىلىپ خەنجىرىنى سۇغۇرۇپتۇ، مەلىكە قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە، ئاخىر بۇ ئىككى ئاخشامدىكى سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە:

— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، ۋەزىرىڭىز ئوغلىدىن سوراپ كۆرۈڭ، ئۇ بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ يېڭى كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ، ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ۋەزىرىنىڭ ئوغلى مۇنداق دەپتۇ:

— ئالىيلىرى، مەلىكىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست. نىكاھتىن كېيىن مەن توپتوغرا ئىككى كېچە قېپىيالىڭاچ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاندىم. مىدىرسىدىر قىلالمىدىم، تارتقان ئازابىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. خان جەمەتى بىلەن توي قىلمەن دەپ بۇنداق ئازاب چەككىچە، ئۆلگىنىم ياخشى. خان ئالىيلىرىنىڭ بىزنى نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن.

ۋەزىر ئاخىر شاھتىن ئوغلىنىڭ ئوردىدىن كېتىشىگە

ئىجازەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ.

ئالاۋىددىن ئۈچ ئاي سورۇكىنى توشقۇزۇپتۇ. بۇ پادىشاھ مەلىكىنى ئۇنىڭ ئەمرىگە بېرىشكە ماقۇل بولغان كۈن ئىدى. بۇ كۈنى ئۇ ئانىسىنى پادىشاھقا ۋەدىسىنى ئادا قىلىشنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈن ئوردىغا ئەۋەتىپتۇ.

ئانا ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئوردىغا بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، پادىشاھ قىزىنى مەرتىۋىسى تۆۋەن ئائىلىنىڭ ئوغلىغا بېرىشنى تولىمۇ خالىمايدىكەن. بۇ چاغدا ۋەزىرى شاھقا مەسلىھەت بېرىپ:

— سىلى ئالاۋىددىنغا كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يۇقىرى تويلۇق سالسىلا، ئۇ چوقۇم مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىش نىيىتىدىن يانىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئالاۋىددىننىڭ ئانىسىغا:

— بېرىپ ئوغلىڭىزغا ئېيتىڭ، ئۇ قىرىق ئالتۇن تاۋاققا ئۈنچە ـ مەرۋايىت توشقۇزۇپ، قىرىق نېگىر قۇلغا كۆتۈرگۈزۈپ، ئۇلارغا يەنە قىرىق ئاق تەنلىك قىز قۇلنى ھەمراھ قىلىپ ئوردىغا ئەۋەتسۇن. مۇشۇ شەرتلەرنى ئورۇندىسا ئاندىن مەلىكىنى ئۇنىڭغا بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئانا پادىشاھنىڭ غايەت زور بايلىق تەلەپ قىلغانلىقىنى ئوغلىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئالاۋىددىن بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە پادىشاھنىڭ قويغان تەلىپى مەن ئۈچۈن

ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ھېكمەتلىك چىراغنى ئېلىپ بىرلا سۈرتكەن ئىكەن، دىۋە ھازىر بوپتۇ، ئالاۋىددىن ئۇنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ.

ھايال ئۆتمەي دىۋە قىرىق نېگىر قۇلنى باشلاپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بېشىدا بىردىن يوغان ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرگەن، تاۋاقلارغا ئۈنچە ـ مەرۋايىت، برىلىيانت قاتارلىق قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلەر تولدۇرۇلغان، كۈمۈش يىپتىن توقۇلغان يوپۇق ئالتۇندىن گۈل سۈردىتى چۈشۈرۈلگەن يوپۇق ئۈستىگە يېپىلغان ئىكەن. ئاق، قارا تەنلىك قۇللار ۋە شۇنچە نۇرغۇن بايلىقلار كىچىككىنە ئۆي ۋە قورۇنى بىر ئاپتۇ. ئالاۋىددىن ئىچىدە ئەمدى پادىشاھ بۇ سوۋغا ـ سالامنى ئېلىپ مېنى كۈيئوغۇل قىلىشقا چوقۇم ماقۇل بولىدۇ دەپ ئويلاپتۇ.

سوۋغا ـ سالام ئاپىرىدىغان قۇللار ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن، قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان، بېشىدىكى ساپ ئالتۇن تاۋاقتا قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلەر قاچىلانغان بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكەن.

شاھ قىرىق چوڭ ئالتۇن تاۋاقتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل، قىممەتلىك ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ۋە يۇرۇش ـ تۇرۇشى قاملاشقان، كاتتا كىيىنگەن قىرىق ئاق، قارا تەنلىك قۇلنى كۆرۈپ،

خۇشاللىقىنى باسالماي قاپتۇ. پادىشاھ قىلچە شۇبھە-لەنمەيلا ئالاۋىددىننىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

ئالاۋىددىن بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپتۇ. ئۇ يەنە ھېكمەتلىك چىراغنى بىرلا سۈرتۈپتىكەن، ھېلىقى دىۋە تېزلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ھەي دىۋە، مەن ھازىرلا يۇيۇنۇۋالاي، سەن دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق كىيىمدىن بىر قۇر كەلتۈر-گىن، — دەپتۇ.

شۇنداق دېيىشى بىلەنلا ھېلىقى دىۋە ئۇنى مۇنچىغا ئاپىرىپتۇ، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئالاۋىددىن ئىنتا-يىن چىرايلىق كىيىمنى كىيىپ، باشقىچىلا تۇسكە كىرىپتۇ. ئۇ يەنە دىۋىگە مۇنۇلارنى تاپىلاپتۇ:

— ئەي، ماڭا بىر ئارغىماق كېرەك، ئۇنىڭ قىم-مىتى مىليوندىن ئاشىدىغان بولسۇن، پادىشاھنىڭ ئات-خانىسىدىكى ئەڭ ئېسىل ئاتلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدى-غان بولسۇن. ئەتراپىمدا يىگىرمە ئادەم ھەمراھ بولۇپ ماڭسۇن، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى ئوردىغا سوۋغا - سالام ئاپارغانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئېسىل بولسۇن. يىگىرمە مۇلازىم ئاتنىڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ ماڭسۇن، ئانامنى كۈتۈشكە يەنە ئالتە چۆرە قىز تاللانسۇن، يەنە ئون مىڭ

تەڭگە تەييارلانسۇن.

ھەممە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالاۋىددىن ئاتقا مىنىپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇلار چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردىن ئۆتكەندە، ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھاڭ ـ تاڭ قېلىشىپتۇ. ئالاۋىددىن ئوردىغا يېتىپ بېرىپ، سەپ تارتىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تەخت ئالدىغا كېلىپ، شاھقا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام بېرىپتۇ.

— ئالىيلىرى، كەمىنىلىرى نامسىز پۇقرامەن، بۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا ئەرزىمەيمەن، پېقىر مەلىكىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم ھەم ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئاشىق بولدۇم. مەلىكىنى ئەمرىمگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلدىم. بۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمىسا، ئازابلىنىپ ئۆلگەن بولاتتىم، — دەپتۇ ئالاۋىددىن.

پادىشاھ شەھەردىكى قازىنى چاقىرتىپ، دەرھال ئالاۋىددىن بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپتۇ ھەمدە ئالاۋىددىنغا ئوردىدا قېلىپ توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنى ئېيتىپتۇ.

— ئالىيلىرى، توي مۇراسىمىنى كېچىكتۈرۈپ تۇرساق، ماڭا ئوردا ئەتراپىدا بىرەر بوش جاينى كۆرسىتىپ بەرسىلە، مەن شۇ يەرگە مەلىكىگە لايىق بىر ساراي سالدۇرسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ ئالاۋىددىن.

— ئوغلۇم، ئوردا ئالدىدا بوش يەر تولا، بىراق مەن ئىككىڭلارنىڭ بىر ياستۇققا باش قويۇشۇڭلارنى بالدۇر-راق كۆرسەم دەيمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئالاۋىددىن ئۆيىگە قايتىپ ھېكمەتلىك چىراغنى ئېلىپ دىۋىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بولغۇسى ئايالى مەلىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئوردا ئەتراپىدا تېزرەك بىر ساراي سېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە دىۋە خوجايىنىغا سارايىنىڭ پۈت-كەنلىكىنى، ئۇنىڭ بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئېيتىپتۇ.

سارايىنىڭ ئېسىللىقى ئالاۋىددىننىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكەچكە، ئۇ ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. دىۋە ئۇنى ساراي ئىچىگە باشلاپ كىرىپتۇ، ساراي ئىچىدىكى ئۆيلەر ئاجايىپ گۈزەل بېزەلگەن، ئەر - ئايال خىزمەت-چىلەر ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەر خىل پاسوندا كى-يىنگەن، ئامبارلاردا ئالتۇن - تىللالار قاچىلانغان تاغارلار ئاسمان - پەلەك دۆۋىلەنگەن، ئاتخانىدا بولسا ئات باقارلار دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل بىرنەچچە ئارغىماقنى قاراۋاتقان. ئالاۋىددىن بۇلارنى كۆرۈپ ھەممە ئىش جايىدا بوپتۇ دەپ قاراپتۇ. ئۇ يەنە دىۋىگە مەلىكىنىڭ مېڭىپ كېلىشى ئۈچۈن، شاھنىڭ ئوردىسىدىن بۇ يەرگىچە ئاققۇ مامۇ-قىدىن توقۇلغان پاياندار سېلىشنى تاپىلاپتۇ.

ئالاۋىددىننىڭ سارىيىدىكى كارامەتلەرنىڭ خەۋىرى

تېزلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ گەپ توقۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرلىك
دەپتۇ.

— ئەي ۋەزىرىم، سىز ساپلا ھەسەتخورلۇق قىلىپ
قىزغىنىۋاتىسىز. پۇللا بولىدىكەن، جاھاندىكى ھەرقانداق
مۆجىزىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ- دە! — دەپتۇ
شاھ.

ئالاۋىددىن ئانىسىغا ئايال قۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا
ئوردىغا كىرىپ مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈشنى ئېيتىپتۇ.
مەلىكە قېينانىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالمان-
تالمان چىقىپ سالام بېرىپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە، كاتتا يا-
سانغان مەلىكە قېينانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، خۇشال
ھالدا ئالاۋىددىننىڭ سارىيىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئىككى-
سىنىڭ كەينىدە چىرايلىق كىيىنگەن يۈز كېنىزەك
مېڭىپتۇ، ئالدىدا بولسا سازەندىلەر ساز چالغاچ يول
باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدە يەنە يۈز نېگىر قۇل
ۋە يۈز ئاق تەنلىك قۇل ئىككى رەت بولۇپ مېڭىپتۇ،
يەنە تۆت يۈز خىزمەتكار پانۇس كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. پا-
نۇسلارنىڭ يورۇقى سارايدىكى چىراغ يورۇقى بىلەن قو-
شۇلۇپ، كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىپتۇ.

مەلىكە يېڭى ساراي ئالدىغا كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا
ساقلاپ تۇرغان ئالاۋىددىننى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ھېلىقى

كۆنى ئۆزى بىلەن بىر كارىۋاتتا ياندىشىپ ياتقان يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بوپتۇ. ئالا ـ ۋىددىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قويۇپ، ئۇنى زالغا باشلاپ كىرىپتۇ. زالغا شاملار يې ـ قىلغان بىر شىرە كاتتا زىياپەت ھازىرلانغان، شىرە ئۈستىدىكى چىنە ـ تەخسە، لوڭقا ۋە رومكىلارنىڭ ھەم ـ مىسى ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بولۇپ، باشقا زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ ئالتۇندەك پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. مەلىكە بۇنداق ھەشەمەتچىلىكنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز بۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئالاۋىددىن مەلىكىنى شىرەگە تەكلىپ قىپتۇ، سا ـ زەندىلەرنىڭ لەرزان ئۇسسۇل مۇزىكىسى، ناخشىچى قىزلارنىڭ يېقىملىق ناخشا ساداسى زىياپەت تۈگىگىچە ياڭراپ تۇرۇپتۇ.

تۇن يېرىم بولغاندا، ئالاۋىددىن مەلىكىنى قولىدىن يېتىلەپ ھوجرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئىككىيلەننىڭ توي مۇراسىمى ئاياغلىشىپ، بىر جۈپ ياش بەختلىك نىكاھ تۇرمۇشىنى باشلاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئالاۋىددىن مۇلازىملىرىنىڭ ھەم ـ راھلىقىدا شاھ ئوردىسىغا بېرىپ پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئوردىدىكى بەگزادە ۋە ئېسىلزادىلەرنى مەلىكە سارىيىغا چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىپتۇ. ئىككى سارايىنىڭ ئا ـ

رىلىقى يېقىن بولغاچقا، پادىشاھ پىيادە بېرىپتۇ. شاھ ئالاۋىددىن سارىيىنىڭ ئۆزگىچە گۈزەل، ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. ئاخىرىدا ئالاۋىددىن مېھمانلارنى 24 دېرىزىلىك بىر زالنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ بۇ زالنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، بارلىق دېرىزىلەردىكى نەپىس نەقىشلەردىن ھوزۇرلىنىپتۇ ۋە شۇنچە گۈزەللىك ئىچىدىكى بىر يېتەرسىزلىكنى، يەنى 24 ـ دېرىزىنىڭ تەلتۆكۈس پۈتمىگەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئەجەبا، شۇنچە نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەتتە بۇنداق كەمتۈكلۈكنىڭ بولغىنى نېمىسى؟

— بۇ سارايىنىڭ بىر دېرىزىسى پۈتمەي قاپتۇ. بۇ، ئۇستىلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن بولدىمۇ ياكى ۋاقىتنىڭ قىسلىقىدىن بولدىمۇ، شۇنچە ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشتا بۇ نۇقسانىنىڭ بولغىنى ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئالىيلىرى، بۇ دېرىزىنى ئۇستىلار مېنىڭ پىكرىم بويىچە قالدۇرۇپ قويغان. خاتىرە بولسۇن ئۈچۈن بۇ دېرىزىنى ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈزۈپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن، — دەپتۇ ئالاۋىددىن.

پادىشاھ شۇ زامات پايتەختتىكى داڭلىق زەرگەر ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگەرلىرىنى چاقىرتىپتۇ.

ئالاۋىدىن پادىشاھنى زىياپەت زالىغا تەكلىپ قىپتۇ. زالدا مول زىياپەت تەييارلانغان بولۇپ، ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن نەپىس، كۆركەم قاچا ـ قۇچىلاردىكى ئېسىل نازۇنېمەتلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇ-رىدىكەن، ئېسىل مەي ـ شارابلار بىر تۇرلۇك خۇش پۇ-راق چېچىپ تۇرىدىكەن، زىياپەت زالىنىڭ كارىدورىدىن يەنە لەرزان مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇلارنى كۆرگەن پادىشاھ ۋە مېھمانلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كېتىپتۇ.

خىزمەتكارلار پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە زەرگەر ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگەرلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. پا-دىشاھ ھېلىقى پۈتكۈزۈلمىگەن دېرىزىنى كۆرسىتىپ:

— سىلەر بۇ دېرىزىنى باشقا دېرىزىلەرنىڭ ئۇسلۇ-بى ۋە شەكلىگە ئوخشاش قىلىپ ياساپ چىقىڭلار، — دەپتۇ.

— ئالىيلىرى، بىز ئالىيلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا تەييارمىز، لېكىن قولىمىزدىكى بارلىق گۆھەر ـ ياقۇتلارنى يىغساقمۇ ئۇ دېرىزىنىڭ يېرىمىنى ياساشقىمۇ يەتمەيدۇ، — دېيىشىپتۇ.

— گۆھەر ـ ياقۇت دېگەن مەندە بار، — دەپتۇ پادى-شاھ، — ئوردىغا بېرىپ تاللىۋېلىڭلار.

ئۇستىلار بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق ئىشلەپ

دىرىزىنىڭ يېرىمىنىمۇ پۈتكۈزەلمەپتۇ، ئەمما پادىشاھ-نىڭ خەزىنىسىنى ۋە ۋەزىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكلىرى-نىمۇ ئىشلىتىپ بوپتۇ، قالغان قىسمىغا لازىملىق گۆھەر ـ ياقۇتلارنىڭ ئورنىنى قىلالماپتۇ.

ئالاۋىددىن ئىشنى توختىتىپ، ھېلىقى دېرىزىنى بۇزدۇرۇۋېتىپتۇ ۋە گۆھەر ـ ياقۇتلارنى ئۆز پېتىچە ئەس-لىي ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇستىلار ئالتە ھەپ-تىدىن بېرى ياسىغان قۇرۇلۇش بىرنەچچە سائەت ئىچىد-ىلا پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلىنىپتۇ ـ دە، ئاخىر زالدا ئالا-ۋىددىننىڭ ئۆزىلا يالغۇز قېلىپ، ھېكمەتلىك چىراغنى بىرلا سۈرتكەن ئىكەن، ھېلىقى دىۋە كۆز ئالدىدا ھازىر بوپتۇ.

— ئەي دىۋە، ئەمدى ھېلىقى چالا قالغان دېرىزىنى پۈتتۈرۈۋەت، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ئالاۋىددىن.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىش پۈتۈپتۇ.

بۇ چاغدا، ئۇستىلار، زەرگەرلەر ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت سودىگەرلىرى ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھېلىقى ئېلىپ كەلگەن گۆھەر ـ ياقۇتلارنى پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپ:

— ئالىيلىرى، بىز ئۇزاق ۋاقىت تىرىشىپ ئىشلە-سەكمۇ ھېلىقى دېرىزىنى پۈتتۈرەلمىگەنىدۇق، ئالاۋىددىن بىزنى كەتكۈزۈۋەتتى، بۇ گۆھەر ـ ياقۇتلارنىمۇ ئالىيلىرىغا

قايتۇرغۇزۇۋەتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ دېمىدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ئالاۋىددىننىڭ سارىيىغا بېرىپ، ھېلىقى زالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئالاۋىددىن بىلەن ئۇچ-رىشىپ قاپتۇ. ئالاۋىددىن:

— ئەمدى قاراپ باقسىلا ئالىيلىرى، بىرەر كەم-تۈكلۈك بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھتىن.

پادىشاھ كۆز ئالدىدىكى دېرىزىنىڭ قالغان 23 دې-رىزە بىلەن ئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ، كۆزۈم تورلىشىۋا-تامدۇ - نېمە دەپ ئويلاپ، يەنە ئۇزاققىچە زەن قويۇپ قاراپ، دېرىزىنىڭ بىردەمدىلا پۈتكەنلىكىنى جەزملەش-تۈرۈپتۇ - دە، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالاۋىددىننى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مۆجىزىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئوردىدىكى ۋەزىرلەرگە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇ-نىڭ ماختاپ ئېيتقان سۆزلىرى ۋەزىرلەردە قىلچە گۇمان قالدۇرماپتۇ. يالغۇز باش ۋەزىرلا ئالاۋىددىننىڭ سېھىر-گەرلىك قىلىۋاتقىنىغا تېخىمۇ بەكرەك ئىشىنىپتۇ.

ئالاۋىددىن ھەر ھەپتىدە ھامان بىر - ئىككى كۈن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىكەن. ئۇ ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا، دائىم ئىككى ھەمراھى بىلەن چىقىپ، يول ئۈستىدىكىلەرگە تىللا چاچىدىكەن. ئۇ كەمبەغەللەرگە

ئىنتايىن كۆيۈنىدىكەن، سارايغا كېلىپ تىلەمچىلىك قىلغانلارنى قۇرۇق قول قايتۇرمايدىكەن. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پۇقرالارمۇ ئۇنىڭ مەرد ـ مەردانىلىكىنى ھېس قىلىشىدىكەن. شۇڭا، ئالاۋىددىن كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ. ئۇ يەنە خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇ پادىشاھنىڭ ئەسكەر ئېلىپ توپىلاڭنى باستۇرماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مەردلەرچە مەيدانغا كۆك-رەك كېرىپ چىقىپ قوشۇننى ئۆزى باشلاپ مېڭىپ، دۈشمەنلەرنى باتۇرلۇق بىلەن قىرىپتۇ. ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئالاۋىددىننىڭ نام ـ شەرىپى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپتۇ، لېكىن ئۇ جەڭدىكى تۆھپىسى بىلەن ھەرگىز ماختىنىپ كەتمەپتۇ.

ئەمدى ھېلىقى قۇرۇق قول كەتكەن سېھىرگەرگە كەلسەك، ئۇ ھامان ئىچىدە غۇم ساقلاپ يۈرىدىكەن ۋە ئالاۋىددىننىڭ ئۆڭكۈردە پاجىئەلىك ئۆلگەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىكەن. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سېھىر-گەر پال ئېچىپ قاراپ، ئالاۋىددىننىڭ ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۆلۈپ قالماستىن، بەلكى قېچىپ چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ پادىشاھنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر كىشى بولۇپ قالغانلىقىنى

بىلىپتۇ.

سېھىرگەر دەرغەزەپكە كېلىپ، بۇ ئۆلگۈر گادايي ماشىنچىنىڭ ئوغلى جەزمەن ھېكمەتلىك چىراغنىڭ سىرىنى بايقاپ قاپتۇ، مەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم بولمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئەتىسى سەھەردىلا ھېلىقى پادىشاھلىقنىڭ پايتەختىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ ئاشپۇزۇللار، ساماۋارخانىلارغا ئوخشاش ئادەم كۆپ جايلارغا بېرىپ تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ، بىر ئامال قىلىپ ئالاۋىددىننىڭ قەيەرلەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بوپتۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالاۋىددىننىڭ سارىيى ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ سارايىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىراپتۇ. ئۇ سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەر تەرەپتىن سىنچىلاپ كۆزىتىپ، ئالاۋىددىننىڭ ھېلىقى ھېكمەتلىك چىراغدىن پايدىلىنىپ بۇ كاتتا سارايىنى سالدۇرغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ ـ دە: گادايي ماشىنىچىنىڭ ئوغلىنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى. بۇنداق مۆجىزىنى ھېكمەتلىك چىراغدىكى دىۋىلا يارىتالايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ سېھىرگەر.

ئاندىن ئۇ بۇ ھېكمەتلىك چىراغنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىقلاشقا ئالدىراپتۇ. ئۇ ئۆزى ئېلىپ يۈرگەن رەم تاختىسىنى ئېلىپ پال سېلىپ، ھېكمەتلىك چىراغنىڭ سارايىدىكى راۋاقتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، خۇشاللىقىنى

باسالماي: «چىراغنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئامالىم بار، ئۇ هازىر بىردىنلا يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇۋالغان بولسىمۇ، مەن ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىغىمۇ كىرگۈزۈۋېتەلەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

سېھىرگەر بىر مەيخانىنىڭ خوجايىنىنىڭكىگە بېرىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاۋىدىنىنىڭ سارىيىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن كىشىنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇرغۇدەك ئىمارەت ئىكەنلىكىنى، سارايىنىڭ خوجايىنىنى بىر كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. دۇكان خوجايىنى:

— ئۇ كىشى هازىر يوق، بەش كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ.

سېھىرگەر ئىچىدە، بۇ تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت ئىكەن دەپ ئويلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇ بىر چىراغ دۇكىنىغا كىرىپ ئون ئىككى يېڭى چىراغ سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇدۇل ئالاۋىدىنىنىڭ سارىيى ئالدىغا بېرىپتۇ ـ دە، ساراي ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ: «كىم يېڭى چىراغ ئالىدۇ؟ كونا چىراغقا يېڭىنى تېگىشىمەن!» دەپ توۋلاپتۇ. ئۇ سارايىنىڭ ئالدىدىن كەينىگە ئۆتۈپمۇ توۋلاپتۇ، مەلىكە بىرسىنىڭ توۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، سارايدىكى كېنىزەكلەردىن بىرىنىڭ

نىمە دەۋاتقانلىقىغا قاراپ بېقىشقا چىقىرىپتۇ.

كېنىزەك هايال بولماي كۆلگەن پېتى قايتىپ كېلىپ، مەلىكىگە:

— تالادا بىر ئەخمەق كونا چىراغقا يېڭىنى تېگە-شىمەن دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ، — دەپتۇ. يەنە بىر كېنىزەك بولسا:

— راۋاقتا بىر كونا چىراغ تۇرىدۇ، ئۇنى يېڭىغا تېگىشىۋالساق بولمامدۇ؟— دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ بۇ چىراغنىڭ سېھرىي كۈچىدىن خە-ۋىرى بولمىغاچقا، كېنىزەككە كونا چىراغنى يېڭىغا تېگىشىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئافرىقىلىق سېھىرگەر بۇ كونا چىراغنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن بىباها گۆھەر ئى-كەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنى ئالمان-تالمان ئېلىپ قوينىغا سېلىۋاپتۇ. كېنىزەك يېڭى چىراغدىن بىرنى تاللاپ مەلىكىگە ئەكىرىپ بېرىپتۇ.

سېھىرگەر شۇ زامات قولىدىكى سېۋەت ۋە يېڭى چىراغلارنى تاشلاپتۇ-دە، چىغىر يول بىلەن ئادەمزات يوق دالىغا بېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن، ئۇ هېك-مەتلىك چىراغنى چىقىرىپ بىرلا سۈرتكەن ئىكەن، هېلىقى دىۋە شۇ هامان پەيدا بولۇپ:

— قۇللىرىنىڭ قولىقى خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقىدا، —

دەپتۇ.

— مەن ساڭا شۇنى بۇيرۇيمەنكى، — دەپتۇ سېھىر-گەر ھېلىقى دىۋىگە، — سەن سالغان ھېلىقى سارايىنى ئادەم ۋە نەرسە-كېرەكلىرى بىلەن قوشۇپ ئافرىقىغا كۆچۈرۈپ كەت. دىۋە شۇ زامات ئالاۋىددىننىڭ سارىيىنى ئافرىقىغا كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە دېرىزە ئالدىغا كېلىپ مەلىكىنىڭ سارىيىغا نەزەر سالپتۇ، دېرىزىنى ئېچىپ قارىسا، كۆز ئالدىدا قۇرۇق يەر تۇرغۇدەك! بۇ غەلىتە ئىشقۇ دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە بىر قارىسىمۇ راستىلا يوق تۇرغۇدەك. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «ئەسلىدىكى ساراي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسا، نەرسە-كېرەكلەر دۆۋىلىنىپ تۇرماسمىدى، يەر تەۋرىسىمۇ ئىزسىز بولۇپ كەتمەيتتىغۇ، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەنمىدۇ-يا؟» دەپتۇ. ئاخىر، راستىلا ئامالسىز قې-لىپ، باش ۋەزىرنى چاقىرىپتۇ.

— ئالاۋىددىننىڭ سارىيىغا نېمە بولغاندۇ، يۇقىرىغا چىقىپ ئىنچىكىلەپ قاراپ بېقىپ ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىل، — دەپتۇ.

ۋەزىر يۇقىرىغا چىقىپ قاراپ بېقىپ، ئۇ ئىمارەت-نىڭ غايىب بولۇپ، قۇرۇق يەرلا قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا كېلىپ:

— بۇ ھەيۋەتلىك سارايىنىڭ سېھىرگەرلىك ئىكەن-لىكىنى كەمىنىلىرى كۆپ قېتىم دېگەن ئىدىم، لېكىن ئالىيلىرى پەقەت ئىشەنمىگەنتىلە، — دەپتۇ. پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ئۇ ئالدامچى نەدە؟ مۇشۇنداق قىلىشقا ئۇ قانداق پېتىندى؟ ھازىرلا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! دەرھال ئوتتۇز چەۋەنداز بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كەلسۇن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋەزىر ئوتتۇز چەۋەندازنى چاقىرىپ، ئۇلارغا قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چەۋەندازلار شە-ھەردىن ئالتە چاقىرىم يىراقلىقتا ئالاۋىددىننى ئۇچرى-تىپتۇ. لەشكەر بېشى ئۇنىڭغا پادىشاھ بىزنى سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، دەپتۇ. ئالاۋىددىن لەشكەرلەرنىڭ كېلىشىدىن گۇمانلانماپتۇ. شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، لەشكەر بېشى:

— ئالاۋىددىن شاھزادە، پادىشاھ بىزنى سىزنى تۇتۇپ ئوردىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىشكە بۇيرۇغان، — دەپتۇ.

ئالاۋىددىن ئاتتىن چۈشۈپ، لەشكەر بېشىغا:

— ئەمىسە بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭ، ئىشىنىمەنكى، مەن پادىشاھقا مۇخالىپ ئىش قىلمىدىم. ۋەتەنگىمۇ ئا-سىيلىق قىلمىدىم، — دەپتۇ.

چەۋەندازلار يوغان زەنجىرنى ئالاۋىددىننىڭ بويىنىدىن

ئارتىلدۇرۇپ، قولىنى كەينىگە قىلىپ چەمبەرچاس قى-
لىپ باغلاپ شەھەرگە كىرىپ كەپتۇ. شەھەردىكى كى-
شىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، شاھ ئالاۋىددىننى ئۆلتۈرۈ-
دىغان بوپتۇ دەپ، قوللىرىغا پىچاق، نەيزە، ھېچنېمىسى
يوقلار تاش ـ توقماق ئېلىپ لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن
يۈگۈرۈپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ ئالاۋىددىننى كۆرۈش بىلەنلا، غىڭ ـ پىڭ
قىلدۇرماي، دەرھال كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
جاللات شۇ ھامان قىلىچىنى چىقىرىپ شارت ـ شۇرت
قىلىپ چۆرگىلىتىپ، پادىشاھ بۇيرۇق بېرىش بىلەنلا
ئالاۋىددىننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا تەييار
بولۇپ تۇرۇپتۇ.

دەل بۇ چاغدا ۋەزىر كىشىلەرنىڭ ئاتلىقلارنى تى-
رىپىرەن قىلىۋەتكەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ئوردىغا باستۇ-
رۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالمان ـ تالمان پادىشاھنى
بۇيرۇق بېرىشتىن توختىتىپتۇ.

پادىشاھ ئوردا سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى
كۆرۈپ، دەرھال ئالاۋىددىننى بوشىتىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ
ۋە ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىپتۇ. كىشىلەرنىڭ غەزىپى
بېسىلىپ، ئۆزلىرى ئىززەتلەيدىغان شاھزادىنى قۇتقۇزۇپ
قالغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ
كېتىشىپتۇ.

ئالاۋىددىن شاھتىن ئۆزىنىڭ زادى نېمە گۇناھ ئۆتـ.
كۈزگەنلىكىنى سوراپتۇ. شاھ غەزەپلىنىپ:
— ھەي ۋاپاسىز، قاراپ باق، سارىيىڭ قېنى؟ ئوبدان
كۆرگەندىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا چۈـ.
شەندۈرگىن، — دەپتۇ.
ئالاۋىددىن يۇقىرىغا چىقىپ قارىسا سارايىنىڭ سا.
يىسىمۇ كۆرۈنمىگۈدەك، بۇنىڭدىن چۆچۈپ كۆزلىرى
چەكچىيىپ كېتىپتۇ.
شاھ يەنە غەزەپلىنىپ:
— سېنىڭ سارىيىڭ قېنى؟ قىزىم نەدە؟ ساڭا قىـ.
رىق كۈن مۆھلەت بېرىمەن. قىزىمنى نەدىن بولسا تېـ.
پىپ كېلىسەن، بولمىسا ئۆز قولۇم بىلەن كاللاڭنى
ئالىمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ.
ئالاۋىددىن بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى ئوردىدىن
چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، پەرىشان
بولۇپ، كۆرگەنلا ئۆيگە كىرىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمدىن:
— مېنىڭ سارىيىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مېنىڭ سا.
رىيىم نەدە؟ — دەپ سوراپ يۈرۈپتۇ.
ئۇ كۆرگەنلا ئادەملەردىن سوراۋەرگەچكە، كىشىلەر
ئۇنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن، ئاز
ساندىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ ئىچ
ئاغرىتىپتۇ. ئۇ پەرىشان ھالدا نىشانسىزلا مېڭىپ، بىر

دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:

ئەمدى بۇ تۇگمەس ئازاب ۋە ھارغىنلىقتىن ئۇ‍ۆزۈمنى قۇتۇلدۇراي! — دەپتۇ.

ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالماقچى بولۇۋاتقاندا، بىردىنلا ھەرقانداق بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ ئۆلۈش ئالدىدا ناماز ئوقۇۋېلىشى كېرەكلىكى يادىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەريا بويىغا كېلىپ قائىدە بويىچە تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، سۇ ئاستىدىكى تاشقا سوقۇلۇپ كېتىپتۇ ـ دە، قولىدىكى ھېلىقى سېھىرگەر بەرگەن ئۈزۈك تاسادىپىي ھالدا تاشقا سۈركىلىپ كەتكەن ئىكەن، شۇ زامات يەنە بىر دىۋە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە لازىم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— مېنى سارىيىم تۇرغان جايغا ئاپىرىپ، مەلىكىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قوي، — دەپتۇ ئالاۋىدىن دىۋىگە.

سۆز تۈگىشى بىلەن تەڭلا دىۋە ئالاۋىدىننى ئافرىقىدىكى شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى چولڭ باغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئالاۋىددىن قارىسا، كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ سالدۇرغان سارىيى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۆزى بولسا دەل مەلىكە تۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

كەچ كىرىپ ساراي ئىچى جىمجىتلىققا چۆككۈچتۇ، بەش ـ ئالتە كۈن كىرىپلا قاقمىغان ئالاۋىددىن ئىختىيارسىز يەردىلا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ بۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلىنىپتۇ ۋە ئۆز ئىچىدە بۇ جەزمەن ھېكمەتلىك چىراغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى بىرىكىم ئۇنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا ھەسەتخورلۇق قىلغان بولسا كېرەك دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپتۇ.

سېھىرگەر مەلىكىنى ئافرىقىغا ئەكېلىۋالغاندىن كېيىن سارايىنىڭ خوجايىنى بولۇۋېلىپ، ھەر كۈنى مەلىكىنىڭ خانىسىغا بىر قېتىم كىرىپ تۇرىدىكەن. شۇ كۈنى ئەتىگەندە، كېنىزەك دېرىزىدىن ئالاۋىددىننى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال مەلىكىگە خەۋەر قىپتۇ، مەلىكە ئالدىراپ ـ تېنەپ دېرىزىنى ئېچىپ ئالاۋىددىننى كۆرۈپ، ئىككىسى خۇشاللىقىدا سەكرىشىپ كېتىپتۇ. ئالاۋىددىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم چامداپلا مەلىكىنىڭ خانىسىغا كىرىپ:

— مەن زالغا قويۇپ قويغان ھېلىقى چىراغ كىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە ئالاۋىددىنغا كونا چىراغنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇش ۋە ئافرىقىغا ئېلىپ كېلىنىش جەريانىنى بىر

قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ھېلىقى ئالدامچىنىڭ دائىم ھېلىقى چىراغنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى، ئافرىقىغا كەلگەندىن بېرى بىر ئامال قىلىپ ئۇزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ماقۇل بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بەختىگە يارىشا ئالاۋىددىننىڭ ۋاقتىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر ئامال تېپىپ بىرلىكتە بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

—مەن سېھىرگەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشىمىزنىڭ ئامالىنى تاپتىم. سىز مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭ...— دەپ ئۆزىنىڭ پىلانىنى مەلىكىگە ئېيتىپتۇ ئالاۋىددىن. مەلىكە بۇ چارىگە قوشۇلۇپتۇ. ئالاۋىددىن سارايدىن چىقىپ مۆكۈنۈپ، كەچتە ھەرىكەت قىلماقچى بوپتۇ.

مەلىكە يېڭى چىراغقا كونىسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئۆچلۈكى كەپتۇ. لېكىن ئالاۋىددىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇ يەنىلا ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلىرىنى تاقاپ تەييار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

سېھىرگەر دەل ۋاقتىدا كەپتۇ. مەلىكە ئادەتتىكى كۆنلەردىكىنىڭ ئەكسىچە بىردىنلا ئۆزگىرىپ، سېھىرگەرگە باشقىچە قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ كۈلۈمسىرەپ

ئۇنى قارشى ئاپتۇ ـ دە، يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئافرىقىلىق سېھىرگەر بۇنى كۆرۈپ بىردەمدىلا خۇشال-لىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۆزى گەپ باشلاپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ چىن، سەممىي بولغان ئىپا-دىسىدىن سېھىرگەر ئۆزىچە مەلىكە ماڭا ئەمدى يىر-گىنىچلىك ئادەمدەك مۇئامىلە قىلمايدىغان بوپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قاپتۇ.

— كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولىۋاتىدۇ، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، مەن ئەمدى خاپىلىقلارنى كۆڭ-لۈمدىن چىقىرىپ چۆرۈپ تاشلايمەن. بۈگۈن كەچ ماڭا ھەمراھ بولۇڭ. مەن تائام تەييارلاپ قويياي، ئافرىقىنىڭ ئېسىل شارابىدىن بولسا ئالغاچ كەلسىڭىز، تېتىپ باقسام قانداق؟ — دەپتۇ مەلىكە ئەركىلەپ تۇرۇپ.

ئافرىقىلىق سېھىرگەر خۇشاللىقىدىن نېمە قىلا-رىنى بىلمەي قاپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈ-چۈن، يەتتە يىلدىن بېرى پېچەتلەكلىك تۇرغان بىر شىشە شارابنى ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ چىقىپ كې-تىپتۇ.

ئافرىقىلىق سېھىرگەر چىقىپ كېتىشىگە، مەلىكە ئالاۋىدىن بەرگەن زەھەرنى بىر رومكىغا تۆكۈپ قويۇپتۇ. سېھىرگەر تېزلا شارابنى ئېلىپ كەپتۇ. مەلىكە شاراب

قۇيۇپ سېھىرگەرگە سالامەتلىك تىلەپتۇ. رومكا ئۇچلا ئايلانغاندىن كېيىن، مەلىكە نازاكەتلىك قىلىقلىرى بىلەن ئالدىدىكى بۇ ئافرىقىلىق سېھىرگەرنى پۈتۈنلەي ئىسىدەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ. دەل بۇ چاغدا مەلىكە ھېلىقى زەھەر سالغان رومكىغا لىق شاراب قۇيۇپ سېھىرگەرگە بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىشنى ئېيتىپتۇ. ئافرىقىلىق سېھىرگەر خۇشاللىقىدا قىلچە ئىككىلەنمەيلا رومكىنى قولىغا ئېلىپ، بېشىنى بىرلا كۆتۈرۈپ شارابنى بىراقلا ئوتلىۋېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ، ئۆلۈكتەك گۈپپىلا قىلىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

ئالاۋىددىن زالغا كىرىپ قارىسا، سېھىرگەر يەردە ئوڭدىسىغا ياتقۇدەك. ئۇ، مەلىكە ۋە كېنىزەكلەرنى ھۇجرىغا كىرىپ دەم ئېلىپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن سېھىرگەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ھېكمەتلىك چىراغنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇنى بىرلا سۈرتكەنىكەن، ھېلىقى دىۋە پەيدا بوپتۇ.

— ھەي دىۋە، — دەپتۇ ئالاۋىددىن، — مەن ساڭا شۇنى بۇيرۇيمەنكى، بۇ سارايىنى دەرھال ئۆز ئېلىمگە ئەسلىدىكى جايىغا كۆچۈر.

بىردەمدىن كېيىن سەل سىلكىنىش بولغاندەك قىپتۇ ـ دە، پۈتكۈل ساراي ئەسلى جايىغا قايتىپ كەپتۇ. ئالاۋىددىننىڭ سارىيى مەلىكە بىلەن بىللە يوقاپ

كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ ئامراق قىزىنى تولا ئويلاپ، ئۇخلىيالماس بولۇپ قاپتۇ. ئىلگىرى راۋاقتا چىقىپ مەنزىرىنى تاماشا قىلسا، ئەمدىلىكتە ئۇ يەردە كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغلايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

لېكىن، بۈگۈن ئەتىگەن پادىشاھ يەنە راۋاقتا چىقىپ ئۆتكەن ـ كەچكەننى ئويلاپ ئولتۇرغان ئىكەن، بىر ھازا-دىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ھېلىقى تۇزلەڭ يەر يوق تۇرغۇدەك، ئۇ يەنە سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، راستتىنلا ساراي ئۆز ئورنىدا تۇرغۇدەك، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئالمان ـ تالمان ئات چاپتۇرۇپ ئالاۋىددىننىڭ سارىيىغا ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپتۇ. ئالاۋىددىن پادى-شاھنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال سارايدىن چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ، پادىشاھنى ئاتتىن چۈشۈرۈپتۇ.

مەلىكە پادىشاھنى كۆرۈپ سارايدىن ئۇچقاندەك يۈ-گۈرۈپ چىقىپتۇ. ئاتا بىلەن قىز ھاياجان بىلەن قۇ-چاقلىشىپتۇ. پادىشاھ ئەسلىي ئەمدى قىزىم بىلەن كۆ-رۈشەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغان ئىكەن، ئەمما بۈ-گۈن ئۈشتۈمتۇت قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىپ، خۇ-شاللىقىدا گەپ قىلالمايلا قاپتۇ. مەلىكىنىڭمۇ خۇشال-لىقىدا كۆزلىرىدىن ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپتۇ.

ئاخىردا پادىشاھ ئۇلارغا:

— بۇنچىۋالا خۇش بولغىنىڭلاردىن قارىغاندا، جاپا چەكمىگەن ئوخشايسىلەر، شۇنچە چوڭ سارايىنىڭ تېزلا يوقىلىپ، تېزلا پەيدا بولۇپ قېلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. تېزدىن ماڭا يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ.

— مېنىڭ يوقىلىپ كېتىشىم ئالاۋىددىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، مەسئۇلىيەت پۈتۈنلەي مەندە، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇ دادىسىغا ھېلىقى ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ چىراغچى بولۇۋېلىپ، يېڭى چىراغقا كونىنى تېگىشمەكچى بولغانلىقىنى، مەلىكە ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىك چىراغنىڭ سىرىنى بىلمىگەچكە ئۇنى تېگىشىۋەتكەنلىكىنى، سېھىرگەرنىڭ ھېكمەتلىك چىراغدىن پايدىلىنىپ سارايىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئافرىقىغا كۆچۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، سېھىرگەرنىڭ ئالاۋىددىن پەيدا بولغىچە ئۆزىگە تەھدىت سالغانلىقىنى، ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ قانداق مەسلىھەتلىشىپ سېھىرگەرنى يالغاندىن مېھمان قىلغان بولۇۋېلىپ شارابقا زەھەر سېلىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن ھېكمەتلىك چىراغنى ئېلىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ زالغا كىرىپ، ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ زە-

ھەرلەنگەنلىكتىن چىرايى كۆكىرىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان داقا ـ دۇمباق چېلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون كۈن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ مەلىكە بىلەن ئالاۋىددىننىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ.

ئالاۋىددىن شۇنداق قىلىپ ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇچرىغان كۈلپەتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

ھېلىقى ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ قوشكېزەك بىر ئىنىسى بولۇپ، ئۇمۇ رەمچىلىك قىلىدىغان سېھىرگەر ئىكەن. سېھىرگەرلىك جەھەتتە ئاكىسىغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ھىيلە ـ مىكىر جەھەتتە ئاكىسىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى بىر شەھەردە بولمىسىمۇ، ئادەتتە رەم بېقىپ خەۋەرلىشىپ، ئامان ـ ئېسەنلىكىنى ئۇقۇشۇپ تۇرىدىكەن.

ئاكىسى ئىككىنچى قېتىم ھېلىقى دۆلەتكە كەتكەندىن كېيىن، ئىنىسى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. ئىنىسى ئاكىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ، پال ئېچىپ ئاكىسىنىڭ مەلۇم بىر شەھەردە زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى، جەسىتىنى ياۋايى ھايۋانلار يەۋەتكەنلىكىنى، قاتىلنىڭ نامرات كىشى ئىكەنلىكىنى،

شۇنداقلا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان-لىقىنى بىلىۋاپتۇ.

بۇ كىچىك سېھىرگەر ئاكىسىنىڭ سەرگۈزەشتى-سىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كېلىپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ كۆزلىگەن شەھەرگە يې-تىپ كەپتۇ. ئۇ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئالاۋىد-دىننى ئۆلتۈرۈشتەك رەزىل پىلاننى تۈزۈپ پۇرسەت كۈ-تۈپتۇ. ئۇ ئۇشتۇمتۇت پاتىمە دېگەن بۇۋۇمنىڭ ھەممىگە خەيرخاھلىق قىلىپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان-لىقىدىن خەۋەردار بوپتۇ. كىچىك سېھىرگەر ئۆز پىلانىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇ ئايالنى لايىق تېپىپتۇ. يېرىم كې-چىدە ئۇ پاتىمە ياتقان ھۇجرىغا كىرىپ، قولىدىكى خەنجەرنى پاتىمەنىڭ كۆكرىكىگە تىرەپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭنى چىقارما، بولمىسا ھازىرلا بوغۇزلىۋې-تىمەن، ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل، كىيىد-مىڭنى مەن بىلەن ئالماشتۇرۇپ، تۇرقۇمنىمۇ ئۆزۈڭگە ئوپمۇ ئوخشاش بۇۋۇم قىلىپ ياساپ چىق، — دەپ تەھدىت سېلىپ بۇيرۇق قىپتۇ. كىچىك سېھىرگەر مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، پاتىمەنى تۇيدۇرماي ئار-غامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى ئۆينىڭ كەينىدىكى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ.

پاتىمەنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋالغان بۇ كىچىك سېھىر-

گەر شۇ كېچىسى پاتىمەنىڭ ھۇجرىسىدا قونۇپ، ئەتىسى ئالاۋۇددىنىنىڭ سارىيىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

كىشىلەر كوچىدا كېتىۋاتقان بۇۋۇمنىڭ ساختىلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنىڭغا سالام بېرىشىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن ئىلتىپات تىلىسە، بەزىلەر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويۇپ، كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى سۆيۈپتۇ؛ بېشى ئاغرىيدىغانلار، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالماقچى بولغانلار ئۇنىڭدىن قولىنى بېشىغا يېقىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. كىچىك سېھىرگەر بۇۋۇمنى دوراپ، قىلچە چاندۇرماپتۇ. كىشىلەر ئۇنى پاتىمە دەپ بىلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كىچىك سېھىرگەر ئالاۋۇددىنىنىڭ سارىيىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كەپتۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە مىغ ـ مىغ ئادەم ئولىشىپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋاز مەلىكە تۇرىدىغان 24 دېرىزىلىك سارايغا ئاڭلىنىپتۇ. كېنىزەكلەر مەلىكىگە ساراي سىرتىدىكى مەيداندا كىشىلەرنىڭ بۇۋۇم پاتىمەگە كېسىلىنى داۋالىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

مەلىكە بۇلارنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ ۋە شۇ ھامان پاتىمە بىلەن كۆرۈشمەكچى، مۇڭداشماقچى بولۇپ، مۇھاپىزەتچىنى دەرھال بۇۋۇمنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

بۇۋۇم قىياپىتىگە كىرىۋالغان، يامان غەرەزلىك بۇ

كىچىك سېھىرگەر مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇ مەلىكىنى كۆرۈش بىلەنلا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، مەلىكىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ، خۇشامەتچىلىك قىپتۇ. پۈتۈن دۇنيانى مېھىر ـ شەپقەتلىك دەپ بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل مەلىكە بۇ ۋۇم قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ ئادەمدىن قىلچە گۇمان قىلماپتۇ.

يالغان پاتمەننىڭ پاساھەتلىك گەپلىرىدىن كېيىن، مەلىكە ئۇنىڭغا:

— قىلغان سۆزلىرىڭىزگە رەھمەت، مېنىڭ راستلا سىز بىلەن ھەمىشە بىرگە بولغۇم بار، بۇنداق بولغاندا ھەر ۋاقىت سىزدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان بولاتتىم. بۇ سارايدا نۇرغۇن بوش ئۆيلەر بار، سىز ئۇنىڭ بىرىنى تاللاڭ، بۇ يەردە ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك ئەركىن ناماز ئوقۇۋېرىسىز، — دەپتۇ.

ئالاۋىدىننىڭ سارىيىغا سوقۇنۇپ كىرىپ رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا باش قاتۇرۇۋاتقان كىچىك سېھىرگەر ئەمدىلىكتە مەلىكىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىۋالسا، ئەلۋەتتە بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولىدۇ ـ دە! شۇڭا ئۇ يالغاندىن باش تارتقاندەك قىلىپ ئاخىر ماقۇل بوپتۇ.

— سىزدەك خاسىيەتلىك ئايال ماڭا ھەمراھ بولسا ھەقىقەتەن خۇشال بولىمەن، سىز بۇ سارايغا ئامەت ئېلىپ

كىلىسىز، سەل تۇرۇپ مەن سىزنى بۇ سارايىنىڭ ھەممە يېرىنى زىيارەت قىلدۇرىمەن، ئەمدى ئالدى بىلەن ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ زال قانداقكەن؟ — دەپتۇ مەلىكە.

يالغان پاتىمە بۇ رولنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىش ئۈچۈن، ساختىلىق بىلەن ئېگىز - پەس قاراپ، زالنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا مېڭىپ، ئاندىن مەلىكىگە:

— بۇ زال تولىمۇ ھەشەمەتلىك، كۆركەم ئىكەن، ئەپسۇسكى، بىر نەرسە كەمدەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيتىڭا، نېمە كەم ئىكەن، مەن ئۇنى ھازىر قىلالايمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

كىچىك سېھىرگەر يالغاندىن كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇ زالنىڭ گۈمبىزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھېكمەتلىك بۈركۈت تۇخۇمى ئېسىلغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ زال ئىنتايىن مۇكەممەل، دۇنيادا تەڭدىشى يوق زال بولغان بولاتتى، بۇ سارايمۇ بۇ دۇنيادىكى بىر مۆجىزە بولۇپ قالاتتى، — دەپتۇ.

— ھېكمەتلىك بۈركۈت قانداق قۇش ئۇ؟ ئۇنىڭ تۇخۇمىنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— ھېكمەتلىك بۈركۈت تەڭداشسىز يوغان قۇش، ئادەتتە كافكاز تاغلىرىنىڭ چوققىسىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنى مۇشۇ سارىيىڭىزنى ياسىغان ئادەملا تاپالايدۇ، — دەپتۇ سېھىرگەر.

شۇ كۈنى كەچتە، ئالاۋىددىن قايتىپ كەپتۇ. ئۇ سارايغا كىرىپلا دەرھال مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ، لېكىن مەلىكە ئالاۋىددىنغا ئادەتتىكىگە ئوخشاش قىزغىن بولماي سۇسلا مۇئامىلە قىپتۇ.

— مەلىكە، دەپتۇ ئالاۋىددىن،— كۆڭلىڭىز خاپىدەك كۆرۈنىدىغۇ، مەن كەتكەن كۈنلەردە بىرەر ئىش بولدىمۇ، ياكى بىرەر ئىشتىن نارازى بولغان يېرىڭىز بارمۇ؟

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا سارىيىمىزنىڭ دۇنيا بويىچە ئەڭ ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدا ساقلانغان نەرسىلەرنىڭ تەلتۆكۈس تولۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، — دەپتۇ مەلىكە،— بۈگۈن مەن يەنە يىگىرمە تۆت دېرىزىلىك بۇ چوڭ زالغا باشقىدىن بىر قۇر قاراپ چىقتىم، مېنىڭچە ئەگەر ئۇنىڭ گۈمبىزىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھېكمەتلىك بۈركۈت تۇخۇمى ئېسىلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئالاۋىددىن ھېكمەتلىك چىراغنى ئېلىپ سۈرتۈشى بىلەنلا دىۋە يەنە پەيدا بوپتۇ. ئالاۋىددىن ئۇنىڭغا:

— گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېكمەتلىك بۈركۈت تۇخۇمىدىن بىرنى ئېسىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، سەن شۇ ھېكمەتلىك بۈركۈت تۇخۇمىنى تېپىپ كەل،— دېيىشى بىلەنلا، دىۋە قاتتىق ۋارقىراپ:

— ئەي نومۇسسىز، مەن ھېكمەتلىك چىراغنىڭ

قولى سۇپىتىدە سەن ئۇچۇن شۇنچە خىزمەت قىلسام، يەنە قانائەتلەنمىدىڭمۇ؟ سەن ئاشۇ ۋاپاسىزنىڭ گېپىگە كىرىپ، تەپ تارتماستىن مېنىڭ خوجايىنىم ھېكمەتىلىك بۇركۇتنىڭ تۇخۇمىنى ئەكەلدۇرۇپ گۇمبەز تورۇسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئاسقۇزماقچىمۇ؟ بىراق ئەر – خوتۇن ئىككىڭلار بۇ ئىشنىڭ پىلانلىغۇچىسى ئەمەس، باش جىنايەتچى ھېلىقى سېنى ۋەيران قىلغان ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ ئۇكىسى — كىچىك سېھىرگەر. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە پاتىمەنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ سارايدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ پاتىمەگە زەھەرلىك قولىنى سالدى، ئايالىڭغا بۇ رەزىل مەسلىھەتنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ نىيىتى سېنى ئۆلتۈرۈش، كۆپرەك پەخەس بول، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئالاۋىددىن مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپ، باياتىنقى ئىشلارنى قىلچە تىلغا ئالماي، بېشىم ئۇشتۇمتۇت چىدىغۇسىز قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپتۇ. مەلىكە دەرھال «بۇۋۇم» پاتىمەنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

يالغان پاتىمە ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ. ئالاۋىددىن قارىسا، ئۇ بىر قولىدا يېڭىنىڭ ئىچىدىكى خەنجەرنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغۇدەك، ئالاۋىددىن بۇنى ئېنىق كۆرۈپ قاپتۇ - دە، يالغان پاتىمە خەنجەرنى چىقارغىچە ئالاۋىددىن چاققانلىق بىلەن يالغان پاتىمەنىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ

تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆكرىكىگە تىقىپ، شۇ يەردىلا ئۇنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. مەلىكە بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چىرقىراپ:

— راھىبەنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىزغۇ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەلىكەم، — دەپتۇ ئالاۋىددىن، — مېنىڭ ئۆلتۈرگىنىم راھىبە ئەمەس، بەلكى چېكىدىن ئاشقان جىنايەتچى — ئافرىقىلىق سېھىرگەرنىڭ ئىنىسى. ئۇ پاتىمەنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ سارايغا كىرىپ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىكەن.

مانا بۇلار ئالاۋىددىننىڭ سېھىرگەر ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ زەھەرلىك قولىدىن قۇتۇلغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايە.

شۇنداق قىلىپ ئالاۋىددىن سېھىرگەر ئاكا ـ ئۇكا ئۇستىدىن غەلىبە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە بىلەن ئىككىسى خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن، مەلىكە تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ھوقۇقنى ئالاۋىددىنغا بېرىپتۇ. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن نۇرغۇن يىللار بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپتۇ. ئىككىيلەن بالىلىق، نەۋرىلىك بولۇپ، بىر ئۆمۈر بىرلىكتە ياشاپتۇ.

# ئەلى بابا، ئايال قۇل ۋە قىرىق قاراقچى

بۇرۇنقى زاماندا پېرسىيىدىكى بىر شەھەردە ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئۆتكەن ئىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى قاسىم، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ئەلى بابا ئىكەن. ئۇلارنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئۆي بىساتىنى ئىك- كىسىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىپتۇ.

قاسىم بىر باي سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، نۇرغۇن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىپ، باي ـ پاراۋان تۇر- مۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئەلى بابا خوتۇنى بىلەن نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئەتراپتىكى ئورمانلىققا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ، ئۈچ ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە ئەكىرىپ سې- تىپ، ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمۇشىنى ئاران قام- دايدىكەن.

بىر كۈنى ئەلى بابا ئاۋۋالقىدەكلا ئورمانلىققا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ ئۈچ ئېشەككە ئارتقۇدەك قىلىپ تەييارلاپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقۇدەك، سىنچىلاپ قارىسا، بىر توپ ئاتلىقلار ئات

چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا پىرسىيىدە ئوغرى ـ قاراقچى پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا گەپ ـ سۆز چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئەلى بابا ئېشەكلىرىگىمۇ قارىماي، ئالمان ـ تالمان يوغان بىر دەرەخكە چىقىپ مۆكۈۋاپتۇ. شاخلىرى قويۇق دەرەخنىڭ دالدىسىدا ئۇ پەستىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، پەستىكىلەر بولسا ئۇنى بايقىيالمايدىكەن، چوڭ دەرەخنىڭ يېنىدا غايەت چوڭ بىر قىيا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چىقالمايدىكەن.

ئەلى بابا كەلگەن ئاتلىقلارنى ساناپ باقسا، ھەممىسى قىرىق ئادەم ئىكەن. ئۇلار قورال ـ ياراغلىرى ۋە كىيىنىشلىرىدىن قارىغاندا جەزمەن بىر توپ قوراللىق قاراقچىلار بولۇپ، يىراق بىر يەردىن سودا كارۋىنىنى بۇلاپ، بۇ يەرگە ماللارنى بۆلۈشكىلى كەلگەندەك قىلاتتى. قاراقچىلار ئېغىر خۇرجۇنلارنى ئاتتىن چۈشۈرۈپتۇ. ئەلى بابا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىغا قاراپ جەزمەن ئالتۇن ـ كۈمۈش بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلەپتۇ. قىرىق ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئەلپازىدىن قارىغاندا باشلىققا ئوخشايدىغان بىرسى خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىپ قىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىكنى ئاچ» دېيىشىگە، قىيانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ ـ دە، قاراقچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، قاراقچىلار باشلىقى ئەڭ ئاخىردا

كىرىپتۇ. ئۇ ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ.

ئەلى بابا دەرەختىن يەرگە چۈشمەكچى بوپتۇ ـ يۇ، بىراق يەرگە چۈشۈشكە قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، يەنىلا دەرەختە مۆكۈنۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

ئاخىر ئىشىك يەنە ئېچىلىپتۇ، بۇ قېتىم قاراقـ. چىلار باشلىقى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئالدىدىن ئۆتكەن شېرىكلىرىنى ساناپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ تاشقا قاراپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىكنى ياپ» دەپ توۋلاپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئادەملەرنىڭ سانىنى ئېلىپ بولغانـ. دىن كېيىن ئۇلارنى باشلاپ ئەسلىدىكى كەلگەن يول بويىچە ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىشىپتۇ.

ئەلى بابا قاراقچىلار يىراقلاپ كەتسىمۇ خېلىغىچە دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپتۇ، قاراقچىلارنىڭ قارىسى كۆرۈنـ. مىگەندە ئاندىن دەرەختىن يەرگە چۈشۈپتۇ. ئۇ قاراقچىلار. نىڭ باشلىقىنى دوراپ ھېلىقى گەپنى دەپ باقسام قانـ. داق بولاركىن دەپ، قىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت ئىشىكنى ئاچ» دېيىشىگەن، ئىشىك راستلا ئېـ. چىلىپ كېتىپتۇ.

ئەلى بابا ئۇ ئىشىك ئارقىلىق ئۆڭكۈرگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرىشىگىلا ئىشىك ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قاپتۇ. لېكىن ئۇ تېزلا كۆز ئالدىدىكى كارا. مەتتىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ

ئىچى شۇنچە يورۇق، ئىگىز، كەڭ ــ كۇشادە ئىسكەن. ئۆڭكۈرنىڭ تۆپىسىدە بىر يوچۇق بولۇپ، كۈن نۇرى شۇ يەردىن چۈشكەچكە، ئىچىدىكى پۈتۈن نەرسىلەر باشقىچە يالتىراپ تۇرىدىكەن. ئەلى بابا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە تاـ ۋار ــ دۇردۇن، قىممەت باھالىق گىلەملەرنىڭ دۆۋىلىنىپ ياتقانلىقىنى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئالتۇن ــ كۈـ مۈشلەرنىڭ، شۇنداقلا ئالتۇن تىللا ــ تەڭگىلەر قاچىلانـ غان تاغارلارنىڭ پۈتۈن ئۆڭكۈرگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ.

ئەلى بابا قاراقچىلارنىڭ قايتىپ كېلىپ قېلىشىـ دىن ئەنسىرەپ، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرماي دەپتۇ ــ دە، تىلـ لالارنى ئۈچ ئېشەك كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە خالتىلارغا قاچىلاپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈردىن چىققاندىن كېيىن، خالتىلارنى ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى سېۋەتلەرگە سېلىپ، ئۈستىنى شاخ ــ شۇمبا بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىكنى ياپ» دەپ توۋلاپتۇ. ئىشىك شۇ زامان يېپىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئىـ شىك ئادەم كىرىپ بولغاندا ئۆزلۈكىدىن يېپىلىپ قاـ لىدىكەن، لېكىن ئادەم چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئىـ شىك ئوچۇق تۇرىدىكەن. ئەلى بابا بۇلارنى بىلمۇۋېلىپ، يېقىن يول بىلەن شەھەرگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەلى بابا ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى ئاستا تاقاپ

قويۇپ، يۇكىنى چۇشۇرۇپ تىللالارنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، خوتۇننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

خوتۇنى تۇتۇپ باقسا ساپلا ئالتۇن ئىكەن، ئۇ، ئېرىم بۇلاڭچىلىق قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئەلى بابا يۇك - تاقىنى توشۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ئەلى بابا، سىز گادايلىقتا بۇلاڭ...، — دېيىشىگە، ئەلى بابا ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىپ:

— ئۇنىڭنى چىقارما، قورقما، مەن نەدىمۇ بۇلاڭچىلىق قىلاي، بىراق قاراقچىلارنىڭ بايلىقىنى ئوغرىلىغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دەپتۇ - دە، خالتىدىكى تىللانىڭ ھەممىسىنى يەرگە تۆكۈپتۇ. ئالتۇنلار ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئەلى بابا باياتىن بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بۇنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويماسلىقنى قايتا - قايتا تاپىلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خوتۇننىڭ ئەندىشى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندىن چۈشكەن بۇ ئامەتتىن ئېرى بىلەن بىرلىكتە خۇش بوپتۇ. خوتۇنى تىللانى ساناپ باقماقچى بولغان ئىكەن، ئەلى بابا:

— ئەي خوتۇن، سەن ئۇنى ساناپ بولالامسەن؟ بىز تېزدىن ئورا كولاپ ئۇنى كۆمۈپ قويايلى، بىر مىنۇتمۇ ھايال بولمايلى، — دەپتۇ.

— بىراق كۆڭلىمىزدە سانمۇ بولۇشى كېرەكتە، — دەپتۇ خوتۇنى ئەلى باباغا، — سىز ئورا قازغىچە، مەن قوشنىلاردىن بىر كورە تېپىپ كېلەي، ئالتۇنلارنى ئۆلچەپ باقايلى، — دەپتۇ.

— ئەڭ ياخشىسى ئىشىكتىن چىقمىساڭ بولاتتى. بەك چىققۇڭ كەلسە، ئاغزىڭنى مەھكەم يۇم، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ ئەلى بابا.

خوتۇنى تاغىسى قاسىمنىڭكىگە بېرىپ، يەڭگىسىدىن كورە بېرىپ تۇرۇشنى سوراپتۇ. يەڭگىسى ئەلى بابانىڭ بەك نامراتلىقىنى بىلگەچكە، بۈگۈن ئۇشتۇمتۇت كورە سوراپ كىرىپتۇ، نېمە ئۆلچەيدىغاندۇ دەپ گۇمانلىنىپ، كورىنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت ماي سۈركەپ قويۇپ ئاندىن بېرىپتۇ.

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بىر دۆۋە تىللانى كورە بىلەن ئۆلچەپ بوپتۇ، ئەلى بابامۇ ئورىنى كولاپ بوپتۇ. خوتۇنى خۇشال هالدا ئېرى ئالتۇنلارنى كۆمۈپ بولغىچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن دەرهال بېرىپ كورىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. بىراق، ئۇ كورىنىڭ ئاستىغا بىر تىللا چاپلىشىپ قالغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپمۇ باقماپتۇ.

ئەلى بابانىڭ خوتۇنى كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىشىغىلا، قاسىمنىڭ خوتۇنى كورىنىڭ ئارقىسىغا قاراپ، بىر تىللا چاپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ هال

ئۇنى ھالىڭ ـ تالىڭ قالدۇرۇپتۇ. بۇ گادايى كۇرە بىلەن ئۆلـ. چۈگىدەك بۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇننى نەدىن تاپقاندۇ دەپ، ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپتۇ. قاسىم بۇ چاغدا ئۆيدە يوق ئىكەن، ئۇ ئېرى كەلگىچە چىشىنى چىشلەپ تۇ. رۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا دېمەكچى بوپتۇ.

ئېرى ئىشىكتىن كىرىشىگە، خوتۇنى:

— قاسىم، ئەلى بابا سىزدىن پۇللۇق ئىكەن. ئۇ سىزگە ئوخشاش پۇلنى بىر ـ بىرلەپ سانىمايدىكەن، بەلكى كۇرە بىلەن ئۇسۇپ ئۆلچەيدىكەن، — دەپتۇ ـ دە، بۇ سىرنى بايقاش جەريانىنى ئېرىگە ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم ھېلىقى تىللانى كۆرسىتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ قاسىمنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپ، ئاچچىقىدا كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئىنىسىنىڭكىگە بېرىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا:

— ھەي ئەلى بابا، سەن بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ گادايدەك يۈرگىنىڭ بىلەن، ئاستىرتىن ئالتۇننى كۇرە بىلەن ئۆلچەپ يۈرۈپسەن ـ ھە! — دەپ كاركىراپتۇ.

ئۇ يەنە خوتۇنى بەرگەن تىللانى كۆرسىتىپ:

— بۇنى يەڭگەڭ تۇنۇگۈن سەن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن كۇرىنىڭ ئاستىدىن بايقاپتۇ، سەندە زادى بۇنداق تىللادىن يەنە قانچىلىك بار، — دەپتۇ.

ئەلى بابا يەڭگىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىرىنى بايقاپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھەممىنى ئىقرار قىپتۇ ھەمدە

بىر قىسىم تىللانى ئاكىسىغا بېرىشكە رازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىر ساقلاشنى تەلەپ قىپتۇ. قاسىم تولىمۇ ئاچ كۆز ئادەم بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ تىللاغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئەلى بابانى بايلىق يوشۇرۇنغان جاينى دەپ بې-رىسەن، ئۆزۈم بېرىپ كۆرۈپ باقىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە ئەھۋالنى ئېيتمەن دەپ بەرمىسەڭ، پاش قىلىپ قويىمەن دەپ تەھدىت سالپتۇ.

ئەلى بابا ئەزەلدىنلا ئاق كۆڭۈل، سەممىمىي ئادەم بولغاچقا، ھەقىقىي ئەھۋالنى ۋە ئۆڭكۈرگە كىرىشتىكى شەرتلىك بەلگىدىن تارتىپ ھەممىنى ئاكىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ.

قاسىم ئاۋۋال بېرىپ، ھەممە بايلىقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بوپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئون ئېشەككە چوڭ ساندۇقلارنى ئارتىپ، ئورمانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھېلىقى ئېگىز قىيانىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئىشىكنى ئاچ» دېيىشىگە، قىيادىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرد-شىگە ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ ھەيران قاپتۇ، بۇ يەردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئۇنىڭ ئويلىغى-نىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىكەن، ئۇ بايلىقنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان ئىنتايىن ئاچ كۆز ئادەم بولغاچقا، دەرھال تاغار ـ تاغار ئالتۇننى ئىشىك تەرەپكە

يۈتكىگىلى تۇرۇپتۇ ـ دە، كاللىسى پۇتۇنلەي بايىلىق بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئىشىكنى ئېچىشتىكى سۆزنى تامامەن ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇڭا، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا: «بۇغداي، بۇغداي، ئىشىكنى ئاچ»، «پۇرچاق، پۇرچاق ئىشىكنى ئاچ» دەپ ئاغزىغا كەلگىننى جۆيلۈپتۇ، بىراق ئىشىك ھېچ مىدىر قىلماپتۇ. ئۇ ئېسىگە كەلگەن دېۋەقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ چىقىپتۇ، بىراق كۈنجۈت دېگەن بۇ ئىسىم ھېچ يادىغا كەلمەپتۇ، ئىشىك يەنىلا مەھكەم ئېتىكلىك تۇرۇپتۇ.

قاسىم چوڭ بالا ـ قازا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆڭكۈردە تېپىچەكلىگىلى تۇرۇپتۇ، ئالتۇن ـ كۆمۈشكە قارىغۇدەك ھېچ ھالى قالماپتۇ.

چۈشتە قاراقچىلار ئۆڭكۈرگە قايتىپتۇ، ئۇلار يىراقتىنلا بىر توپ ئېشەكنىڭ ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتلىرىنى تېز قامچىلاپ چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئېشەكلەرنى قوغلىۋېتىپ، ئەتراپتىن ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى بىر قىسىم ئادەمنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ھېلىقى شەرتلىك بەلگىنى دېگەن ئىكەن، ئىشىك شۇ ھامان ئېچىلىپتۇ.

ئۆڭكۈر ئىچىگە قامىلىپ قالغان قاسىم سىرتتىكى ئاتلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، چوقۇم قاراقچىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغان ۋاقتى يېتىپ

كەلگەنلىكىنى تۇيۇپتۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا تىرىك چىقىپ كېتىش ئۈمىدىدە، «كۈنجۈت، ئىشىكىنى ئاچ» دېگەن شەرتلىك بەلگىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىشى بىلەنلا سىرتقا قاراپ ئېتىلىپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا بىرنەچچە قاراقچى يۈگۈرۈپ بېرىپ قاسىمنىڭ جېنىنى ئاپتۇ.

قاراقچىلار قاسىمنىڭ ئۆڭكۈرگە قانداق كىرگەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن بىرەيلەننىڭ ئۆڭكۈردىكى بايلىقنى ئوغرىلاشقا كەلگەنلىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن غەزەپ ئاچچىقىنى قاسىمدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆت پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ ۋە كىم بۇ يەرگە كىرىشكە جۈرئەت قىلسا ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكى ئىككى يانغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېتىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ يەنە بۇلاڭچىلىق قىلغىلى كېتىپتۇ.

كەچتە، قاسىمنىڭ خوتۇنى ئېرى قايتىپ كەلمىگەچكە، ئەنسىرەپ ئەلى بابانىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا ئەلى بابامۇ ئاكىسىنىڭ ئورمانغا بايلىق ئالغىلى كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ، بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دەپ تۇرغان ئىكەن، دەل مۇشۇ چاغدا يەڭگىسى كېلىپ قاپتۇ.

ئەلى بابا:

— ئەنسىرىمەڭ، ئۇ يېرىم كېچىدە جاھان تىنچىد-غاندا شەھەرگە كىرەي دېگەن ئوخشايدۇ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ ئۇنىڭغا.

قاسىمنىڭ خوتۇنى ئەلى بابانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپتۇ، لېكىن ئېرى يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئويلىغانسېرى قورققۇسى كېلىپ، ئۇكىمىزنىڭ سىرىنى تىڭتىڭلى-مىسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىپتۇ. ئۇ كېچىچە يىغلاپ چىقىپتۇ، ئەمدىلا تاڭ يورۇشىغا يەنە ئالدىراپ-تېنەپ ئەلى بابانىڭكىگە بېرىپتۇ.

ئەلى بابا يەڭگىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، تاڭ ئېتىشىغىلا ئۈچ ئېشىكىنى ھەيدەپ ئاكىسىنى ئىزدەپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ھېلىقى قىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، قان تامچىلىرىنى بايقاپتۇ-دە، بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ھېلىقى شەرتلىك بەلگىنى ئېيتىپ ئىشىكنى ئاچتۇرۇپتۇ ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا ئاكىسىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئالمان-تالمان ئۆڭكۈر ئىچىدىن بىرئاز رەخت تېپىپ جەسەتنى ئوراپتۇ-دە، سېۋەتكە سېلىپ شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ. يەنە ئىككى سېۋەتكە بىرنەچچە خالتا تىللا سېلىپ ئۇنىمۇ شاخ بىلەن يېپىپ، تېزدىن ئېشەك-لىرىنى ھەيدەپ بۇ يەردىن ئايرىلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ تىللا ئارتىلغان ئېشەكنى قو-

رۇغا كىرگۈزۈپ قويۇپ، يەنە بىر ئىشەكنى ھەيدەپ يەڭگىسىنىڭكىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئەلى بابا يەڭگىسىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقىقان ئىكەن، دەرۋازىنى زېرەك - چاققان ۋە پۇختا ئىش قىلىدىغان ئا-يال قۇل مۇجىنا ئېچىپتۇ. ئەلى بابا قورۇغا كىرگەندىن كېيىن، ئاستا ئۇنىڭغا:

— خوجايىنىڭ جەسىتى بۇ ئىككى سېۋەتتە، بىز ئۇنى قېرىپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەر قاتارىدا دەپنە قىلايلى. باياتىن مېنىڭ دېگەنلىرىمنى مەھكەم ئەستە تۇت، مەخپىيەتلىكنى ساقلا، بۇ ئايال خوجايىنىڭ ئۇ-چۇنمۇ ۋە مەن ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم، دەرھال ئايال خوجايىنىڭغا دېگىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار، — دەپتۇ.

ئەلى بابا بىر كۈندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى ۋە قا-سىمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەن تەپسىلاتنى يەڭگىسىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا:

— يەڭگە، مېنىڭ تەكلىپىم بار، سىزنى ئەمرىمگە ئالاي، بىز بىرلىكتە خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرەي-لى، ئەگەر بۇ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلسىڭىز، شۇنداق قىلايلى، كىشىلەر ئۇنى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن دەپلا چۈشەنسۇن، بۇنى مۇجىنا بېجىرىدۇ، — دەپتۇ.

قاسىمنىڭ خوتۇنىغا ماقۇل دېمەكتىن باشقا يول

يوق ئىدى. ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، قايغۇنى توختىتىپ، بۇ نىكاھ ئىشىنى قوبۇل قىلىدىغان بوپتۇ.

مۇجىنا بىر دورىخانىغا بېرىپ، دورىپۇرۇشتىن ئېغىر كېسەل يەيدىغان دورا سوراپتۇ:

— خوجايىنىم قاسىم بىرنەچچە كۈن بولدى ھېچنېمە يېمەيۋاتىدۇ گەپمۇ قىلمايدۇ، نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلەلمىدۇق، — دەپتۇ. ئەتىسى يەنە شۇ دورىخانىغا بېرىپ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ، دورىپۇرۇشتىن يۈرەكنى كۈچەيتىدىغان دورا بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا خوجايىنىم ساقىيالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قايغۇرۇپتۇ.

ھېلىقى كۈندىن كېيىن قولۇم ـ قوشنىلار ئەلى بابا بىلەن خوتۇنىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ھالدا قاسىمنىڭ ئۆيىگە توختىماي كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يېرىم كېچىدە قاسىمنىڭ ئۆيىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مۇجىنا ئۇچرىغانلا ئادەمگە خوجايىنىم ساقىيالمايدىغان ئوخشايدۇ دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، مۇجىنا مۇستاپا موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىپتۇ.

— ماڭا نېمىشقا تىللا بېرىسىز؟ نەگە بارىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ موزدۇز.

— تاغا، مەن بىلەن مېڭىڭ، مەن ئىككى كۆزىڭىزنى

تېگىپ قويۇپ، بىر يەرگە باشلاپ ئاپىرىمەن، — دەپتۇ مۇجىنا.

موزدۇز سەل ئىككىلەنگەندەك قىپتۇ. مۇجىنا ئۇ-نىڭ قولىغا يەنە بىر تىللا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ:

— قورقماڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ! مەن ھەرگىز سىزنى يامان ئىش قىلدۇرمايمەن، — دەپتۇ.

مۇجىنا موزدۇزنىڭ ئىككى كۆزىنى تېڭىپ، ئاندىن ئۇنى خوجايىنىنىڭ جەستى قويۇلغان ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ.

— تاغا، بۇ تۆت پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتنى تېزرەك تىكىپ بىر - بىرىگە ئۇلاپ بېرىڭ، ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سىزگە يەنە بىر تىللا بېرى-مەن، — دەپتۇ مۇجىنا.

مۇستاپا ناھايىتى تېزلا بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بوپتۇ. مۇجىنا يەنە ئۇنىڭ كۆزىنى تېڭىپ، بايا كەلگەن جايغا ئاپىرىپ كۆزىدىكى ياغلىقنى يېشىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.

دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغانلار جىنازا ئېلىپ كەپتۇ، ئەلى بابا بىلەن مۇجىنا مېيىتنى جىنازىغا سې-لىپ ئىمامنى چاقىرىپتۇ، ئىمام مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ، جىنازىنىڭ كەينىدە مۇجىنا يىغلاپ مېڭىپتۇ، ئەلى بابا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئەڭ كەينىدە مېڭىپتۇ. قاسىمنىڭ خوتۇنى قايغۇ بىلەن ئۆيىدە قاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قاسىمنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆل-تۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ھېچكىم بىلمەي قاپتۇ ھەمدە بىرمۇ كىشى قىلچە گۇمان قىلماپتۇ.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەلى بابا يەڭگىسى بىلەن نىكاھلانغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇنداق نىكاھ ئىشى ئۇ-لارنىڭ دىنىدا بار ئادەت بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدا ئازراقمۇ سۆز - چۆچەك بولماپتۇ. قاسىمنىڭ بۇرۇنقى دۇكىنىدا قاسىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغلى تىجارەت قىپتۇ، ئەلى بابا جىيەن ئوغلىغا دۇكاننى ياخشى باشقۇرسا ئۇ-نىڭغا بىر ئۇلۇش مىراس بېرىشنى ۋە ئۇنىڭغا چىراي-لىق خوتۇن ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ.

ئەلى بابانىڭ ئىشىنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، ئەمدى ھېلىقى قىرىق قاراقچىغا كېلەيلى:

قاراقچىلار ئالدىنقى قېتىم كەتكەندىن كېيىن يەنە ۋاقتىدا ئۆڭكۈرگە قايتىپ بېرىپ، قاسىمنىڭ جەسىتى-نىڭ يوقلۇقىنى ۋە بىرنەچچە خالتا تىللانىڭ كەملە-كىنى بايقاپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى:

— جەسەتنى بىرسى ئەكېتىپتۇ، بىرمۇنچە تىللامۇ كەم تۇرىدۇ. دېمەك، شەرتلىك بەلگىنى ئىككى ئادەم بىلىۋاپتۇ. بىرى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىرىنى تېپىش كې-رەك، بولمىسا، ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز، — دەپتۇ. قاراقچىلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ ئىشنىڭ ئىز - دېرىكىنى

قىلىشقا بىردەك ماقۇل بوپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى يەنە:

— مەن ئاراڭلاردىن زېرەك بىرەيلەننى ياساندۇرۇپ شەھەرگە كىمنىڭ ئۆيىدە سەۋەبسىزلا ئادەم ئۆلگەنلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىمەن. خەۋەر جەزمەن توغرا بولسۇن، ئەگەر مەلۇمات يالغان بولىدىغان بولسا جازاغا تارتىلىدۇ، — دەپتۇ.

قاراقچىلاردىن بىرى:

— مەن شەھەرگە كىرىپ تىڭتىڭلاپ كېلەي، ئۇ-قۇپ كېلەلمىسەم جازاغا تارتىلىشقا رازىمەن، — دەپتۇ.

بۇ قاراقچى ئادەتتىكىدەك ياساندۇرۇلغاندىن كېيىن، كېچىلەپ يول يۈرۈپ تاڭ يورۇغاندا شەھەرگە كىرىپتۇ، ئويلىمىغان يەردىن مۇستاپا موزدۇزنىڭ يايمىسى ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىپ:

— ئۇستام، شۇنچە ئەتىگەندىلا ئىشنى باشلاپ كېتىپتىلا، كۆزلىرى ياخشىكەندە؟ تاڭ بەكرەك يورۇغاندا ئىشلىسىلە تېخىمۇ ئېنىق كۆرمەسمىدىلە؟ — دەپتۇ.

— يېشىم چوڭىيىپ قالغىنى بىلەن كۆزۈم بەك ياخشى، مەن ھەتتا مەلۇم بىر ئۆيدە نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتنىمۇ تىكىپ ئۇلاپ پۈتتۈرگەن تېخى، ئۇ يەر بۇنىڭدىنمۇ قاراڭغۇ جاي ئىدى، — دەپتۇ موزدۇز.

قاراقچى شەھەرگە كىرىپلا ئويلىمىغان يەردىن

مۇنداق ياخشى خەۋەرگە ئىگە بولغانلىقىغا ناھايىتى خۇش بوپتۇ. ئۇ موزدۇزدىن تېخىمۇ ئېنىق ئۇقۇش ئۈچۈن:

— ئۆلۈكنى تىكىپ نېمە قىلدىڭ؟ كېپەنلىكنى تىككەنلا ھەقچان؟ — دەپتۇ. موزدۇز كېپەنلىكنى ئەمەس، راستىنلا جەسەتنى تىككەنلىكىنى تەكىتلەپتۇ.

قاراقچى يېنىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ موزدۇزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ماڭا ئىشەنسىلە، مېنى شۇ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغان بولسىلا بوپتىكەن، — دەپتۇ.

— ئاپىرىپ قويغۇم بولسىمۇ، ئۇنى قىلالمايمەن. ئالدى بىلەن ئۇ مېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ ئاندىن كۆزۈمنى تېڭىپ ئۇ ئۆيگە ئاپاردى، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە كۆزۈمنى تېڭىپ ئەسلىدىكى جايغا ئەكېلىپ قويدى. شۇڭا تەلەپلىرىنى راستىنلا ئورۇندىيالمايمەن، — دەپتۇ موزدۇز.

— مۇنداق بولسۇن، مەنمۇ ھېلىقى جايغا بېرىپ سىلىنىڭ كۆزلىرىنى تاڭاي، ئاندىن ئىككىمىز بىللە ماڭايلى، سىلىمۇ بىكارغا ئىشلىمەيدىلا، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە سىناپ باقايلى، — دەپتۇ قاراقچى ۋە موزدۇزغا يەنە بىر تىللا بېرىپتۇ.

ئىككى تىللا بىر نامرات موزدۇز ئۈچۈن ئاجايىپ

كۆپ پۇل ئىدى، مۇستاپا كۆڭلىدە بىر قۇر دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن تىللانى يانچۇقىغا سېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى قاراقچىنى مۇجىنا ئۆزىنىڭ كۆزىنى تاڭغان جايغا باشلاپ ئاپىرىپتۇ. قاراقچى ئۇنىڭ كۆزىنى قولياغلىق بىلەن تېڭىپ، ئۇنى يېتىلەپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ، تويتوغرا قاسىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ، ھازىر ئۇ ئۆينىڭ خوجايىنى ئەلى بابا ئىدى. قاراقچى ئاستا ئىشىككە بور بىلەن بەلگە قويۇپ، ئاندىن موزدۇزنىڭ كۆزىدىكى ياغلىقنى يېشىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن بۇ كىمنىڭ ئۆيى دەپ سوراپتۇ. موزدۇز بۇنى دەپ بې- رەلمەپتۇ. قاراقچى موزدۇزغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزى تېزدىن ئورمانلىققا قايتىپ كېتىپتۇ.

مۇجىنا سىرتتىن قايتىپ كېلىپ، قاراقچى ئى- شىككە سىزىپ قويغان بەلگىنى بايقاپ قېلىپ، نېمە مەقسەتتە قىلغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ ۋە كۆڭلىدە نېمە مەقسەتتە بەلگە سېلىنغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئىشقى- لىپ ئېھتىيات قىلغان ياخشى دەپ ئويلاپ، ئۇ ئەتراپ- تىكى بىرنەچچە ئىشىككە بور بىلەن ئوخشاش بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ ۋە بۇ ئىشنى خوجايىنىغىمۇ دېمەپتۇ.

ئەمدى قاراقچىغا كەلسەك، ئۇ ئورمانلىققا قايتىپ بېرىپ ئۆز غەلىبىسىنى باشلىقىغا مەلۇم قىپتۇ. باشلىق ئۇنى مۇكاپاتلاپتۇ ھەمدە ھەممەيلەننى يىغىپ:

— ھەممەيلەن دەرھال ئادەتتىكىچە كىيىنىپ يولغا چىقىپ، شەھەردىكى مەيدانغا يىغىلىڭلار. ئاندىن مەن بىلەن بىللە ھېلىقى ئۆيدىكىلەرنى تاپقاندىن كېيىن، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىمىز، — دەپ بۇيرۇق چۇ-شۇرۇپتۇ.

تىڭتىڭلىغۇچى قاراقچىلار باشلىقىنى باشلاپ ئەلى بابانىڭ ئۆيى بار كوچىغا كەپتۇ ۋە مۇجىنا بەلگە سىلىپ قويغان ئىشىككە كېلىپ، بەلگىنى كۆرسىتىپ مۇشۇ شۇ دەپتۇ. باشلىق ئەتراپتىكى بەش - ئالتە ئى-شىكتە ئوخشاش بەلگە بارلىقىنى توساتتىن بايقاپ قاپ-تۇ - دە، ھېلىقى تىڭتىڭلىغۇچىدىن زادى قايسى ئۆي ئىكەنلىكىنى سورىسا، ئۇ ئىنىق ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى بۇ پىلاننىڭ پۈتۈنلەي بىكار بول-غانلىقىنى بىلىپ، ئادەملىرىنى باشلاپ ئەسلىي يولى بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ ھەم قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ھېلىقى يول باشلىغان قاراقچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەپتۇ، يەنە بىر قا-راقچى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ھېلىقى موز-دۇزنىڭ ياردىمى بىلەن قاسىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بې-رىپتۇ، بۇ قېتىم ئۇ ئىشىكنىڭ ئادەم ئاسانلىقچە باي-قىيالمايدىغان يېرىگە قىزىل بور بىلەن بەلگە سېلىپ

قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن مۇجىنا بۇ بەلگىنىمۇ باي-قاپ قېلىپ، ئەتراپىتىكى ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوخشاش يېرىگە بەلگە قويۇپ چىقىپتۇ.

ھېلىقى قاراقچى زور ئىشەنچ بىلەن قىزىل بور بىلەن بەلگە قويۇلغان ئۆينى تېپىشىمدا قىلچە چاتاق يوق دەپ ئويلاپتۇ، بىراق بۇ قېتىممۇ قاراقچىلار مەغ-لۇبىيەت بىلەن قايتىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باشلىق ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلىغان ھېلىقى ئەبلەخنى بۇيرۇق بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىپ، ئۆزى بېرىش قارارىغا كەپتۇ.

ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىگە ئوخشاش مۇزدۇز قاراقچىلار باشلىقىنى بارماقچى بولغان جايغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئىشىككە بەلگە قويماي، ئەتراپىنى كۆزىتىپ كۆڭلىگە پۈكۈۋاپتۇ ھەمدە تىڭ-تىڭلاپ، بۇ قورۇنىڭ خوجايىنىنىڭ ئەلى بابا ئىكەنلى-كىنى بىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورمانلىققا قايتىپ، ئادەملىرىگە ئۆزىنىڭ ئۆچ ئېلىش چارىسىنى ئېيتىپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا دەرھال قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار باشلىقىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يې-گىرمە ئېشەك، قىرىق يوغان كۈپ سېتىۋېلىپ، ئۇچىگە ياغ تولدۇرۇپ، قالغىنىنى قۇرۇق قويۇپتۇ. باشلىق كۈپىنىڭ ئاغزىنىڭ بەك كىچىكلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى ئا-دەم پاتقۇدەك چوڭ كۈپلەرگە ئالماشتۇرۇپ، ئادەملىرىنى

قوراللىرى بىلەن قوشۇپ ئۇ كۆپلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇ-رۇپتۇ ۋە كۆپنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋەتمەسلىكنى تا-پىلاپتۇ.

ئۇلار ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، يىگىرمە ئېشەككە 37 قاراقچى قاچىلانغان 37 كۆپ بىلەن ئۈچ ياغ كۆپىنى ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى بولسا ياغ سودىگىرى قىياپىتىدە ياسىنىۋاپتۇ. ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە گۇگۇم چۈشۈپ قاپتۇ، باش-لىق ئېشەكلەرنى ھەيدەپ ئەلى بابانىڭ ئىشىكىگە كې-لىپ قارىسا ئەلى بابا ئىشىك ئالدىدا تۇرغۇدەك، ئۇ ئەلى بابانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن بۇ ياغلارنى يىراقتىن ئېلىپ كەلگەن، با-زارغا ئاپىرىپ ساتماقچى ئىدىم، ھازىر كەچ كىرىپ قالدى، بۇ يەر ماڭا ناتونۇش، بىر كېچە قوندۇرسىڭىز تۈگىمەس رەھمەت ئېيتقان بولاتتىم، — دەپتۇ.

ئەلى بابا ئەسلىي ئورمانلىقتا بۇ قاراقچىلار باش-لىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقىچە كىيىنىۋالغاچقا دەماللىققا تونۇيالماي، ئۇنى قارشى ئالىدىغان-لىقىنى بىلدۈرۈپ، دەرھال دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرگۈزۈپتۇ، مۇجىنىغا مېھمانغا تاماق، ياتىدىغان ئورۇن تەييارلاشنى تاپىلاپتۇ.

ئەلى بابا قاراقچىلار باشلىقى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ

بولۇپ، ئىشەكلەرنى ئىغىلغا سولاپ بولغىچە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنى مېھمانخانىغا باشلاپتۇ. باشلىق ئۆزىنىڭ سۆيـ-ـقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم ئۆيدە يېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەلى بابا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بو-لۇۋاتقان بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ سۇيىقەستىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىكەن.

تاماقتىن كېيىن ئەلى بابا ئاشخانىغا كىرىپ مۇ-جىناغا:

— مەن ئەتە يۇيۇنۇشقا بارىمەن، ماڭا لۆڭگە تەييارلاپ خىزمەتچى ئابدۇللاغا بېرىپ قوي، ئازراق شورپا تەييارلاپ قوي، قايتىپ كېلىپ ئىچىمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا، قاراقچىلار باشلىقى ئەلى بابانىڭ ئاشخا-نىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورۇغا ئىشەكلەرگە قارىغىلى چىققاندەك بولۇۋېلىپ، ھەربىر كۈپنىڭ يې-نىغا كېلىپ ئىچىدىكىلەرگە:

— مەن دېرىزىدىن قورۇغا تاش ئېتىپ بەلگە بېرىد-مەن، سىلەر تاشنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا دەرھال كۈپتىن چىقىڭلار، بىز قورۇدا ئۇچرىشايلى، — دەپتۇ. ئۇ ھەممى-نى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ ئاشخانىغا كىرىشىگە، مۇجىنا چىراغنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنى دەم ئالىدىغان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. مۇجىنا ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقىمۇ

چىراغنى ئۆچۈرۈپ، كېيىمى بىلەنلا يېتىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ.

مۇجىنا يېتىش ئالدىدا خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى ئېسىگە كېلىپ، لۆڭگىنى ئېلىپ ئابدۇللانىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، ئۇ ئاشخانىدا شورپا قايىنىتىۋاتقان ئىكەن، دەل شۇ چاغدا چىراغ ئۆچۈپ قاپتۇ، ئۆيدە ئازراقمۇ ياغ قالـ- مىغان ئىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئابدۇللا:

— ئالدىرىما، قورۇدىكى ئۇدۇل كەلگەن كۈپتىن ئازراق ياغ ئالساقلا بولىدىغۇ، — دەپتۇ.

مۇجىنا خوجايىنى ئەلى بابانىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېيـ- تىپ قويۇپ ئابدۇللانى قايتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى ياغ قاچىسىنى ئېلىپ قورۇغا چىقىپتۇ. ئۇ بىرىنچى كۈپـ- نىڭ يېنىغا كېلىشىگە كۈپ ئىچىدىن «ۋاقىت توشـ- تىمۇ؟» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. مۇجىنا بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى خىزـ- مەتكارلاردىن بولمىغاچقا، جىددىي پەيتتە تەمكىن بولۇپ، تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلىشنى بىلىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەربىر كۈپنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

— ۋاقىت توشمىدى، بىراق ئاز قالدى، — دەپتۇ. ئاخىردا ھەقىقىي ياغ بار ئۈچ كۈپنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

بۇ چاغدا مۇجىنا يالغان سودىگەرنىڭ قاراقچىلار

باشلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ يوغان چىپلەككە لىق ياغ توشقۇزۇپ ئېلىپ، ئۇنى قىزىتىپ، ئاندىن ياغنى ھەربىر كۈپىنىڭ ئىچىگە كوركىرىتىپ قۇيۇپ، قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ، قورۇغا قاراپ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىنىڭ تۈۋىدە جىمجىت ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، قاراقچىلار باشلىقى دېرىزىدىن ھويلىغا بىرنەچچە تاش ئاتقان ئىكەن، ھېچقانداق شەپە چىقماپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ بىرىنچى كۈپىنىڭ يېنىغا كەلسە، كۈپىنىڭ ئاغزىدىن ئاچچىق ياغنىڭ بۇسى چىقىۋاتقۇدەك، ئۇ كۈپلەرنىڭ ھەممىسىگە قاراپ چىقىپتۇ. قارىسا، بىرمۇ تىرىك ئادەم قالماپتۇ. ئاخىرىدىكى ئۈچ ياغ كۈپى قورۇقدىلىپ قاپتۇ. ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ قازا تاپقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھەمدە ئۆچ ئېلىش پىلانىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى بىلىپ، بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

مۇجىنا ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، قاراقچىنىڭ چوقۇم قېچىپ كەتكەنلىكىنى پەملەپتۇ. كېچىدە بولغان ئىشتىن ئەلى بابانىڭ پۈتۈنلەي خەۋىرى يوق ئىكەن، مۇجىنامۇ خوجايىنىغا دېمەپتۇ.

چۈشتە، ئەلى بابا يۇيۇنۇپ قايتىپ كېلىپ، سودىگەرنىڭ كەتكەنلىكىنى، نەرسىلەرنىڭ قورۇدا ئۆز پېتىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. مۇجىنا خوجايىنىغا

بىرىنچى كوپكە قاراپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ، ئەلى بابا كوپ ئىچىدە ئۆلۈك ئادەمنىڭ توگۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېز دېگىن!

— قالغان كوپلەرگىمۇ قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ مۇ-جىنا. ئەلى بابا ھەممە كوپكە قاراپ چىقىپ، قورققىنىدىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي قاپتۇ. ئۇ ئەھۋالنىڭ باش - ئايىغىنى بىلىشكە ئالدىراپ: — ھېلىقى سودىگەر قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇجىنا ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئورمانلىقتىكى قاراقچىلارنىڭ سۇيىقەستى بولۇپ، ئۇلار ئەلى بابانى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى، ياغ سودىگىرى بولسا دەل قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى، ھازىر ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەلى بابا مۇجىنانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ:

— قىلغان ياخشىلىقىڭنى چوقۇم قايتۇرىمەن. سېنىڭ ئەقىللىقلىقىڭدىن مەن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قاپ-تىمەن، ئۇلارنىڭ زەھەرلىك سۇيىقەستىنى داۋاملىق پاش قىلىشىپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر ئەڭ مۇ-ھىمى مۇنۇ ئەبلەخلەرنى كۆمۈۋېتىش، — دەپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى ئۆزى يالغۇز ئورمانلىققا قېچىپ

بېرىپ، ئوغلىنى قايناپ ھەم غەزەپلىنىپ:

— ياق، بىر ئامال قىلىپ ئەلى بابانى ئۆلتۈرد-مەن، — دەپ قەسەم قىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ پىلانى بويىچە يەنە شەھەرگە كىرىپتۇ: ئۇ ئەلى بابانىڭ ئۆيىدە بولۇنچىۋالا چوڭ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن چوقۇم پۈ-تۈن شەھەرگە پۈر كېتىدۇ دەپ ئويلىغان ئىكەن، كىم بىلسۇن، ئەلى بابا بۇ ئىشنى ئۈن-تىنسىز يىغىشتۇ-رۇۋېتىپتۇ. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ رەقىبىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھۆسەيىن دېگەن نام بىلەن قاسىمنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدىن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۈنچە-مەرۋايىت تىجارىتى قىپتۇ. قاسىمنىڭ دۇكىنىدا ئەلى بابانىڭ جىيەن ئوغلى تىجارەت قىلىدىكەن.

قاراقچىلار باشلىقى تېزلا ئەلى بابانىڭ جىيەن ئوغلى (ئۆگەي ئوغلى) بىلەن دوست بولۇۋاپتۇ. جىيەن ئوغۇل ھۆسەيىننىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە قاراپ، بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم قىلىش ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىپتۇ، ئەلى بابا خۇ-شاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئەلى بابانىڭ جىيەن ئوغلى ھۆسەيىننى دادى-سىنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. ئەلى بابا ئۇنى ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلار بىر ھازاغىچە قىزغىن پاراڭلا-

شقاندىن كېيىن، ھۇسەيىن ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاش-
ماقچى بوپتۇ. ئەلى بابا:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ... تاماق يەپ كېتىڭ - دەپ،
ئۇنى تۇتۇپ قاپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، ماڭا ئىشىنىڭكى،
مەن سىزگە ھەرگىز ھۆرمەتسىزلىك قىلىۋاتقىنىم يوق،
بەلكى مەن تۇز سالغان تائام يېيەلمەيمەن، — دەپتۇ
ھۇسەيىن.

— مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن مۇ-
جىناغا تائاملارغا تۇز سالماسلىقنى تاپىلاپ قوياي، —
دەپتۇ ئەلى بابا.

مۇجىنا خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تاماق
تەييارلاپتۇ. لېكىن ئۇ ھېلىقى مېھماننىڭ قانداق ئادەم
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ - دە، ئۇ ھۇسەيىنگە
بىر قاراپلا ئۇنىڭ قاراقچىلار باشلىقى ئىكەنلىكىنى
تونۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئىچىدە خەنجەر بار-
لىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

— ھە، چۈشەندىم، خوجايىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى
قاتىللىق قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەۋېتىپتىكەن - دە،
ئۇنداق بولسا، مەن ئاۋۋال قول سالاي، — دەپ ئويلاپتۇ
ئىچىدە مۇجىنا.

مۇجىنا ئالدامچى ھۇسەيىننىڭ نىيىتىنى بىلىۋېلىپ،

ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغۇزماسلىقنىڭ ئامالىنى قىپتۇ. ئۇ ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشاش ياسىنىپ، ئابدۇللاغا داپ چال- غۇزۇپ، خوجايىنىنىڭ ۋە مېھمانىنىڭ كۆڭلىنى ئاچماقچى بولغاندەك ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ. ھۇسەيىن تاماق- تىن كېيىن ناخشا ـ ئۇسسۇل بارلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەن، ئۇ ئىچىدە ئۆچ ئالىدىغان پۇرسەتكە دەخلى يەت- مىسە بولاتتى دەپلا ئەنسىرەپتۇ، لېكىن ئۆزي ئىگىسىگە چاندۇرماسلىق ئۇچۇن، يالغاندىن خۇش بولغاندەك بولۇ- ۋاپتۇ.

مۇجىنا بىر قۇر ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، شارتلا قىلىپ خەنجەرنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، تېز قەدەم تاشلاپ بېرىپ داپنى كاپلا قىلىپ تارتىۋېلىپ، ئوڭ قولىدىكى خەنجەرنىڭ ئۇستىگە داپنى يېپىپتۇ ۋە خۇددى ئويۇن قويۇپ تاماشىبىنلاردىن پۇل تەلەپ قىلغاندەك قىلىپ قولىنى ھۇسەيىنگە ئۇزىتىپتۇ. ھۇسەيىن پۇل چىقىرىش ئۇچۇن قولىنى يانچۇقىغا ئۇزىتىشىغا، مۇجىنا باتۇرلۇق بىلەن بېرىپ خەنجەرنى ئۇنىڭ يۇرىكىگە سانجىپتۇ.

ئەلى بابا بىلەن ئوغلى قاتتىق چۆچۈپ ئۆڭسۈلى يوق ھالدا:

— ھۇ ئۆلگۇر چاكار، ئائىلىمىزنى ۋەيران قىلـ- دىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— سىز تېخى بۇ قىساسكارنى مېھمان قىلدىڭىز،

بۇ ھېلىقى ياغ سودىگىرى، قىرىق قاراقچىنىڭ باشلىقى ئەمەسمۇ؟! — دەپتۇ مۇجىنا.

ئەلى بابا مۇجىنانىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى دەرھال چۈشىنىپ:

— ساڭا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن، سېنى ئۆزۈمگە كېلىن قىلىۋالاي، — دەپتۇ ـ دە، بۇرۇلۇپ ئوغلىغا:

— مۇجىنانى ئەمرىڭگە ئالساڭ، ئائىلىمىزنىڭ باشپاناھىنى ئالغان بولىسەن، — دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەلى بابا ئوغلى بىلەن مۇجىنا ئۈچۈن كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ-رۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ توي ئىشىنىڭ دەسلەپكى سەۋەبىنى ئۇقماپتۇ. تويدىن كېيىن خېلى ئۇزاققىچە ئەلى بابا يەنە قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشتىن قورقۇپ، ھېلىقى ئۆڭكۈرگە يېقىن بارالماپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن، ئەلى بابا بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئۆڭكۈرگە بېرىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا بىرەر ئا-دەم كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ: «كۈنجۈت، كۈنجۈت، ئى-شىكنى ئاچ» دېيىشىگە، ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرسە، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلا-رنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، ھېلىقى قاراقچىلا-

رىنىڭ ھەممىسى تۈگىشىپتۇ، ئەلى بابا ئۆڭكۈرنىڭ ئە-
شىكىنى ئېچىشنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئا-
دەم بولغاچقا، ئۆڭكۈردىكى بايلىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا
مەنسۇپ بوپتۇ.

كېيىن ئەلى بابا ئۆڭكۈرنىڭ شەرتلىك بەلگىسىنى
ئوغلىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ئا-
مەتنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد قەدىرلەپتۇ.

# سىندىباتنىڭ دېڭىز ساياھىتى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەلىپە ھارۇن رەشىد زامانىسىدا، باغداد شەھىرىدە سىندىبات دېگەن بىر ھاممال ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، ھەر كۈنى بېشىدا يۈك توشۇپ كۈن كەچۈرىدىكەن.

ھاۋا تازا قىزىغان تومۇز كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىندىبات بېشىدا ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىر سودىگەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋازا يېنىدىكى سۇپىنى كۆرۈپ، ئازراق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سۇپىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن كەلگەن سالقىن شامال ۋە مەززىلىك پۇراق بىلەن بىللە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان خىلمۇخىل سازلاردىن چىققان ئاجايىپ يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ئاڭلىنىپتۇ.

ھاممال سىندىبات دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قارىسا، گۈللۈك ئىچىدە نۇرغۇن چۆرە ۋە قورۇقچىلار تۇرغۇدەك، ئارقىدىنلا يەنە ئېسىل شاراب ۋە تائاملارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقۇدەك.

ھاممال سىندىبات ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئەي ھەممىگە قادىر خۇدا، جىمى بەندىلىرىڭنىڭ تەقدىرى سىنىڭ ئىلكىڭدە، سىنىڭ ھەممىتىڭدىن ئۇ-لارنىڭ بەزىلىرى باي - باياشاتلىق، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە ياشايدۇ، بەزىلىرى ماڭا ئوخشاش جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ھېرىپ - چارچاپ، مىسكىن ۋە بىچارە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، — دەپتۇ، ئاندىن ھەسرەتلىك بىر كۆپلىبىت بېيىت ئوقۇپتۇ. بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭاي دەپ تۇ-رۇشىغا، ھويلىدىن ياشقىنا قورۇقچى چىقىپ:

— خوجايىنىمىز سىنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. ھامال قورۇقچىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىرىپ قارىسا، ھەشەمەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەر كۆزنى چاقناتقۇدەك ئىد-كەن، ئۆي ئىچىگە ئېسىل داستىخان سېلىنغان بولۇپ، داستىخان ئۈستىگە خىلمۇخىل گۇل ۋە مېۋە - چېۋىلەر، ئېسىل تاتلىق - تۈرۈملار، مەززىلىك تاماقلار قويۇلغان، داستىخان ئەتراپىدا بەگزادە - ئېسىلزادىلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشقان، چىرايلىق قىزلار تۈرلۈك چالغۇ - ئەسۋاب-لار بىلەن مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى چېلىپ، لەرزان ناخ-شىلارنى ئېيتىۋاتقان، سورۇننىڭ تۆرىدە ساقىلىغا ئاق كىرگەن، سالاپەتلىك بىر كىشى ئولتۇرغان ئىكەن.

ھامال سىندىبات ئولتۇرغانلارغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە تەزىم قىپتۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى ئۇنىڭدىن ئىل-تىپات بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ ھەم ئۇنى داستىخانغا

تەكلىپ قىپتۇ. ھامال ئۆي ئىگىسىگە قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

— ھامال، سەن مەن بىلەن ئىسمىداش ئىكەنسەن، مېنىڭمۇ ئىسمىمنى سىندىبات دېڭىزچى دەيدۇ. ھامال، سېنىڭ بايا ئوقۇغان بېيىتىڭنى يەنە بىر ئاڭلىغۇم بار، — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن بايا ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ قويۇپ بىئە-دەپلىك قىپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، — دەپتۇ ھام-مال سىندىبات خىجىل بولۇپ.

— خىجىل بولما ھامال، مېنىڭچە، ئۇ بېيىت يامان ئەمەسكەن، — دەپتۇ دېڭىزچى سىندىبات. شۇنىڭ بىلەن ھامال سىندىبات دېڭىزچىغا بايا ئېيتقان بې-يىتنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېڭىزچى سىندىبات ئۇنى تازا ماختاپ كېلىپ:

—مېنىڭ بۇنداق باياشات، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشۇم ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇم ئاسانلىقچە بولمىدى. مەن ھەددى ـ ھېسابسىز ئازاب ـ كۈلپەت، سان ـ ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، مىڭ بىر تەسلىكتە مۇشۇنچىلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولدۇم. مەن يەتتە قېتىم سەپەر قىلدىم. ھەر قې-تىمقى سەپىرىمدە ئۇنتۇلغۇسىز ۋەقەلەرگە يولۇققۇم. مەن ساڭا ئۇنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

# سىندىباتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق
## دېڭىز سەپىرى

دېڭىزچى سىندىبات ھامالغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئاتام ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقى بار كاتتا سودىگەر ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ، ماڭا نۇرغۇن مىراس قالدۇرغان. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن بۇ بايلىقلار بىلەن كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلدىم، كۈن بويى ھاراقكەش ئاغىنىلەر بىلەن تاماشا قىلدىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بايلىقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. شۇنىڭ بىلەن ھوشۇمنى تېپىپ، ئۆيدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈكنى سېتىپ ياقا يۇرتقا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا بىر شائىرنىڭ بىر شېئىرى يادىمغا كەلدى. ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ـ مۈلۈكنى ساتقان پۇلغا مال ئېلىپ، كېمە بىلەن بەسرە شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىش قارارىغا كەلدىم. يول بويى ھەربىر جايغا كەلگەندە كېمە قىرغاقتا توختاپ، شۇ جايدىكى كىشىلەر بىلەن سودا قىلىشتۇق.

بىر كۈنى كېمىدىكى يولۇچىلار بىلەن بىر ئارالغا

چىقتۇق. ھەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن بولدى، بەزىلىرى ئوت يېقىپ تاماق ئېتىشتى، بەزىلىرى سەيلە قىلىپ تاماشا قىلىشتى. مەنمۇ ئۇلار بىللە سەيلە قىلدىم.

بۇ چاغدا كېمە باشلىقى بىردىنلا يولۇچىلارغا ۋارقىرىدى:

— ھەي خالايىق، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى تاشلاپ جېنىڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار، بۇ ئارال ئەمەس، بەلكى دېڭىز ئۈستىدىكى چوڭ بېلىق ئىكەن. ئۇ ھېلى سىلەرنى دېڭىزغا ئەكىرىپ كېتىدۇ. دەرھال كېمىگە چىقىۋالمىساڭلار دېڭىزغا غەرق بولىسىلەر!

بۇنى ئاڭلىغان يولۇچىلار ئالاقزادە بولۇشۇپ كېمىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى، بەزىلەر كېمىگە چىقىۋالدى، بەزىلىرى چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ھېلىقى «ئارال» قوزغىلىپ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن پېتى دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى.

دېڭىزچى سىندىبات سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن كېمىگە چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەي «ئارال» دا قېلىپ، باشقا قاچالمىغان يولۇچىلار بىلەن بىللە دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتىم. ئاللا ئىگەم مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ماڭا بىر تاختاينى سۇنۇپ بەردى. مەن تاختايغا

يېپىشىۋېلىپ بىر كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزدۈم، ئاخىر دېڭىز دولقۇنىنىڭ سوقۇشى بىلەن بىر ئارالغا يېتىپ باردىم ـ دە، دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ ئارالغا چىقىۋالدىم. ئاچ قورساق ۋە ھارغىنلىقتىن ئۆزۈمنى يەرگە تاشلاپ ئۆلۈكتەك يېتىۋالدىم، ناھايىتى ئۇزاقتا ئاندىن ئاران ھوشۇمغا كەپتىمەن.

ئارالدا تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەر بار ئىكەن، قورساق ئاچسا ياۋا مېۋىلەرنى يېدىم، ئۇسسىسام بۇلاق سۈيىنى ئىچتىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خېلى ئەسلىمگە كېلىپ، تەدرىجىي ئەركىن ماڭالايدىغان بولدۇم.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى ئارالدا مېڭىپ يۈرسەم، ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى. يېقىنىراق كېلىپ قارىسام، چىرايلىق بىر ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپ چىرقىراپ كىشنىدى، مەن چۆچۈپ كەينىمگە داجىدىم. شۇ ھامان يەردىن بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ماڭا ۋارقىرىدى:

— نېمە ئادەمسەن، نەدىن كەلدىڭ، بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟

مەن ئۇ ئادەمگە ئۆزۈمنىڭ كېمىدە بالا ـ قازاغا يولۇققانلىقىم توغرىسىدىكى ئەھۋالىمنى قىسقىچە ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئىچى ئاغرىپ، مېنى يەر ئاستىدىكى بىر گەمە ئۆيگە باشلاپ كىرىپ تاماق بەردى.

مەن قورساقنى تويغۇزۇپ بولۇپ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن يەر ئاستىدىكى گەمىدە تۇرىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ئاتنى دېڭىز بويىغا باغلاپ قويغانلىقىنى سورىدىم.

— بىلمەكچى بولساڭ ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ ھېلىقى يىلقىچى، — بىز پادىشاھ مېھرى جاھاننىڭ يىلقىچىلىرى، پادىشاھنىڭ يىلقىلىرىنى باقىمىز. ھەر يىلى مۇشۇ كۈنلەردە يېرىم كېچە بولغاندا، بايتاللارنى دېڭىز بويىغا باغلاپ قويىمىز، دېڭىز ئېتى چىقىپ بايتال بىلەن جۈپلىشىدۇ ـ دە، ئاندىن كېيىن بايتالنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن بايتال باغلاق-لىق بولغاچقا، دېڭىز ئېتى چىرقىراپ كىشنەيدۇ، شۇ-نىڭ بىلەن يىلقىچىلار بۇنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقىپ دېڭىز ئېتىنى قوغلىۋېتىدۇ، بايتالدىن تۇغۇلغان تايلار ئىنتايىن قىممەت باھالىق بولىدۇ. بىز ئىشنى تۈگەت-كەندىن كېيىن، مەن سېنى پادىشاھ مېھرى جاھاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن.

ھېلىقى يىلقىچى ئىشنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، مېنى پادىشاھ مېھرى جاھاننىڭ شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. مەن پادىشاھقا سالام بەردىم ھەمدە ئۆ-زۈمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

پادىشاھ ئىيتقانلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، ماڭا ھېس-داشلىق قىلدى، مېنى پورتنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، ئۆتكەن - كەچكەن كېمىلەرنى تىزىملاشقا مەسئۇل قى-لىپ قويدى. مەن پادىشاھقا پات - پات مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدۇم.

مەن ئۆتكەن - كەچكەن كېمىلەرنى تىزىملىغاندا، سودىگەرلەر، يولۇچىلار ۋە دېڭىزچىلاردىن باغدادنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردۇم، لېكىن ئۇ ھەقتە ھېچكىم بىر نەرسە بىلمەيدىكەن.

بىر كۈنى دېڭىز بويىدا تۇرسام، يىراقتىن بىر كېمە كۆرۈندى. كېمە پورتقا كىرگەندىن كېيىن، مەن ئۇنى تىزىملىدىم ھەمدە:

— كېمىدە يەنە باشقا نەرسە بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم كېمە باشلىقىدىن.

— كېمىدە يەنە ئازراق مال بار، لېكىن ئۇنىڭ ئى-گىسى دېڭىزدا غەرق بولۇپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ مالل-رىنى سېتىپ، پۇلىنى باغدادتىكى بالا - چاقىلىرىغا ئا-پىرىپ بەرمەكچى، — دېدى كېمە باشلىقى.

— مال ئىگىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن ئالدىراپ - تېنەپ.

— ئۇنىڭ ئىسمى دېڭىزچى سىندىبات، — دېدى كېمە باشلىقى.

مەن شۇ زاماتلا ۋارقىرىۋەتتىم:

— دېڭىزچى سىندىبات مەن بولىمەن! سەن ئېيتىۋاتقان مالنىڭ ئىگىسى مانا مەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئاندىن ئۆزۈمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. كېمە باشلىقى ۋە كېمىدىكى سودىگەرلەر مېنىڭ مال ئىگىسى ئىكەنلىكىمگە ئىشەندى. ئۇلار ماللارنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. مەن ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا ماللىرىمنىڭ ئامان ـ ئېسەن قولۇمغا تەگكەنلىكىنى ئېيتتىم ھەم ماللاردىن پادىشاھقا ھەدىيە قىلدىم.

مەن ئۇ ماللارنى سېتىپ، شۇ يەردىن بىر تۈركۈم مال ئېلىپ كېمىگە بېسىپ، پادىشاھ بىلەن خوشلاشتىم. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي باغدادتىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. سودا قىلىشنىڭ يولىنى بىلىپ، دوست تۇتۇپ، ئاتام ھايات چاغدىكىدىنمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈردۈم.

مانا بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىم. ئەتە ساڭا يەتتە قېتىملىق دېڭىز سەپىرىمدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن.

ئەتىسى ھامال سىندىبات دېڭىزچى سىندىبات بىلەن كېلىشكىنى بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىككىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپتۇ.

# سىندىباتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق
# دېڭىز سەپىرى

دېڭىزچى سىندىبات دوستلىرى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بىرىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈردۇم. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا مەندە باشقا جايلارغا سەپەر قىلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل تېپىش ھەۋىسى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مال ئېلىپ كېمىگە بېسىپ، بىر قىسىم سودىگەرلەر بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتۇق. يول بويى سودا قىلىپ، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە تەقدىر مېنى بىر ئارالغا چىقىرىپ قويدى؛ مەن ھەمراھلىرىم ۋە دېڭىزچىلار بىلەن ئارالغا چىقىپ، ئارالنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇپ، سالقىن شامالدا ئىختىيارسىز ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسام، ئارالدا ھېچكىم يوق، كېمىمۇ كېتىپتۇ. ئارالدا يالغۇز مەنلا قاپتىمەن، ھەممىدىن قورۇق قېلىپ، ھاياتلىقتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندەك بولدى.

مەن ئىلاج بار ئۆزۈمنى روسلاپ، ئارالدا ئۇيان ـ

بۇيان قاتراپ يۈردۈم. ئاخىر قورقۇپ يوغان بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراققا سىنچىلاپ قارىدىم. بىر چاغدا ئارالدا يوغان بىر ئاپئاق نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆر-دۈم. بېرىپ قارىسام، دۈپدۈگىلەك، يوغان گۈمبەز ئىكەن. ئىچىگە كىرىپ باقماقچى بولۇپ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتىم، ئۇنىڭ ھېچ يېرىدە كىرىدىغان ئىشىكى يوق ئىكەن. بىردىنلا كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندەك بولدى. بىرەر ئەھۋال بولغانلىقىنى پەملەپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسام، ئاسماندا غايەت يوغان بىر قۇش قانىتىنى يېيىپ كۈن نۇرىنى توسۇۋالغانىكەن. بۇ چاغدا دائىم سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىدىغان كىشى-لەرنىڭ مەلۇم بىر ئارالدا ناھايىتى يوغان بىر ئەنقانىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسى ئېسىمگە چۈشتى. بىردىنلا ئېسىمنى يىغىپ، ھېلىقى ئاق گۈمبەز ئەس-لىدە ئاشۇ يوغان ئەنقانىڭ تۇخۇمى ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلدىم. بۇ چاغدا ھېلىقى يوغان ئەنقا يەرگە قونۇپ، ئاق گۈمبەزنى بېسىپ ياتتى. مەن شۇئان سەللەمنى ئېلىپ بىر ئۇچىنى بېلىمگە، بىر ئۇچىنى قۇشنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويدۇم ــ دە، ئىچىمدە قۇش ئۇچۇپ مېنى ئادەم-زات بار يەرگە ئاپىرىپ قويسا ئىكەن دەپ دۇئا ــ تىلاۋەت قىلدىم.

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن ئەنقا مېنى ئالغان پېتى

ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىردەمدىن كېيىن بىر جىلغىغا كېلىپ قوندى، مەن ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ پۇتىدىن يېشىنىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم.

مەن جىلغىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، يەردە پۇتۇنلەي ئالماسلارنىڭ چېچىلىپ ياتقانلىقىنى بايقىدىم، بىراق، جىلغىنىڭ ھەممىلا يېرىنى بوغما يىلان ۋە زەھەرلىك يىلانلار قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم ـ دە، كۆڭلۈمدە: «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ئاخىر بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپ، «ئەمدى ئۆڭكۈردە خاتىرجەم ياتىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدىم.

مەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ قارىسام، ئوتتۇرىدا يوغان بىر بوغما يىلان تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ بىردىنلا قورقۇپ تىترەپ كەتتىم، لېكىن نائىلاج ئۆڭكۈردە بىر كېچە تۇگۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۆڭكۈردىن چىقىپ قارىسام ئالدىمدا بىر پارچە قوي گۆشى تۇرۇپتۇ. ئەتراپقا قارىسام ھېچ ئادەم كۆرۈنمىدى، مەن ئىلگىرى: مەلۇم بىر جايدا ئال-ماس چىقىدىغان بىر تاغ بار ئىكەن، ئۇ ئالماس تېغى ناھايىتى ئېگىز، خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىم چىقالمايدىكەن، ئالماس سودىگەرلىرى ئالماس ئالماقچى بولسا، قوينى سويۇپ، تېرىسىنى سويۇۋېتىپ، گۆشىنى تاغدىن جىلغىغا تاشلايدىكەن، بۇنىڭ بىلەن گۆشكە ئالماس

پارچىلىرى چاپلىشىدىكەن، ئاندىن بۇركۇت، ئەنقا، سۇ-مۇرغلار جىلغىغا قونۇپ گۆشنى ئېلىپ ھاۋاغا كۆتۇ-رۇلىدىكەن، شۇ چاغدا سودىگەرلەر قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋې-تىپ، گۆشكە چاپلىشىپ قالغان ئالماسلارنى تېرىۋال-دىكەن، دەپ ئاڭلىغان.

مەن ئالماس تېغى جىلغىسىدا تاشلىنىپ قالغان گۆشنى كۆرۈپ، كىشىلەر ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى ئەسلەپ، بىرمۇنچە ئالماس پارچىلىرىنى تېرىۋالدىم. بۇ چاغدا يەنە يوغان بىر پارچە گۆش دومىلاپ چۈشتى. مەن گۆشكە يېپىشىۋالدىم، شۇ ئەسنادا بىر قارا قۇش كې-لىپ گۆش بىلەن مېنى قوشۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، ئېگىز تاغ بېشىغا چىقىپ قوندى. بۇ قارا قۇش ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى، مەن دەرھال ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم، ھېلىقى قۇشنى ئۈركۈتۈۋەتكەن سودىگەر گۆشنى ئۇيان- بۇيان تەكشۈرۈپ ھېچنېمە تا-پالمىدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېغىز ئېچىشىمغا:

— سەن كىم، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا سەپەر ئۇستىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ سودىگەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ماڭا سالام بەردى ۋە مېنىڭ ئامان- ئېسەن قالغانلىقىمنى تەبرىكلەشتى. مەن بىرمۇنچە ئالماسنى چىقىرىپ، ھېلىقى

قوشنى ئۆركۈتۈۋەتكەن سودىگەرگە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بەردىم. ئۇلار مېنى باشلاپ تاغدىن چۈشۈرۈپ، شەھەرگە ئېلىپ كەلدى. خەتەردىن قۇتۇلۇپ كىشىلەر ئارىسىغا كېلىۋالغانلىقىمدىن چەكسىز خۇش بولدۇم.

ھېلىقى سودىگەرلەر ماللىرىنى مەندىكى ئالماسقا تېگىشىپ، ماڭا ماللارنى يۈتكىشىپ بەردى. مەن يول بويى سودا قىلىپ ئاخىر باغدادقا قايتىپ كەلدىم.

دېڭىزچى سىندىبات يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— مەن نۇرغۇن ئالماس ۋە بايلىق ئېلىپ كېلىپ، قېرىنداشلىرىم بىلەن دوستلىرىمغا ئازراقتىن سوۋغا قىلدىم. كېيىن مەن قالغان ئالماسلارنى سېتىپ تېخىمۇ بېيىپ، كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالدىم.

مانا بۇلار ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىمدە ئۇچرىغان ئەھۋاللار. ئەتە سىلەرگە ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىمدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىمەن.

ئەتىسى ھامال سىندىبات دېڭىزچى سىندىباتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۈچىنچى قېتىملىق سەپىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغىلى كەپتۇ.

## سىندىباتنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

دېڭىزچى سىندىبات ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

— ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرىمدىن مەمنۇنىيەت بىلەن قايتىپ، نۇرغۇن بايلىق ئېلىپ كېلىپ، باغدادتا بىر مەزگىل خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندىن كېيىن، يەنە خىيالىمغا سىرتقا چىقىپ سەپەر قىلىپ، سودىگەرچىلىك قىلىپ پول تېپىش ئىشتىياقى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مال سېتىۋالدىم. دېڭىز بويىغا بارسام چوڭ بىر كېمە يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرۇپتىكەن، مەن ماللىرىمنى ئېلىپ سودىگەرلەر بىلەن بىرلىكتە كېمىگە چىقتۇق. يول بويى ھەربىر جايغا بارغاندا، ئۇ ـ يەن ـ تاماشا قىلغاچ، سودا ـ سېتىق قىلىشتۇق. بىر كۈنى كېمىمىز دېڭىزدا دولقۇنلارنى يېرىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا كېمە باشلىقى ئۆزىنى كاچاتلاپ، چاچ ـ ساقىلىنى يۇلۇپ، كېمىمىزنى يىرتىپ:

— يولۇچىلار، دېڭىز شاملى كېمىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، بىزنى مايمۇنلار تېغىغا ئەكېلىپ قويۇپتۇ، — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى، شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا بىر توپ مايمۇن پەيدا بولۇپ، كېمىنى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئورىۋالدى. ئۇلار كېمىنىڭ يەلكەنلىرىنى قىرقىپ چۇشۇرۇۋەتتى، ئارغامچىلىرىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى. ئاخىرىدا كېمە لەيلەپ مايمۇنلار تېغىغا يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مايمۇنلار كېمىدىكى سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى، نەر-

سە ـ كېرەكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى.

بۇ ئارالدا تەرەپ ـ تەرەپتىن يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇشتۇمتۇت بىر كاتتا سارايىنى بايقاپ قالدۇق، سارايغا كىرىپ قارىساق كەڭ بىر ئاتخانا بار ئىكەن، ئاتخانىدا يوغان بىر سۇپا بولۇپ، سۇپىدا چوڭ ئوچاق بار ئىكەن، ئەتراپتا نۇرغۇن ئۇستىخان دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما بىرمۇ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىز ئاچ قورساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەچكە ئولتۇرۇپ دەم ئالدۇق. بىردەمدىن كېيىن شۇ يەردە ئۇخلاپ قاپتىمىز.

چالا ئۇيقۇدا يەر تەۋرىگەندەك دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىساق، ئادەم دېسە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان قورقۇنچلۇق يوغان بىر مەخلۇق سارايـ ـنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ، ئادەملەر ئارىسىدىن مېنى لىككىدە كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇ ـ يان ـ بۇيان ئۆرۈپ كۆرۈپ، مېنىڭ قورايدەك ئورۇقلۇ ـ قىمغا قاراپ، يەرگە قويۇپ قويدى. ئاندىن ھەمراھلىرىمدىن يەنە بىرىنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ كۆردى. شۇنداق قىلىپ ھەممەيلەننى بىر ـ بىرلەپ دەڭسەپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىـ ـرىدا كېمە باشلىقىنى تۇتۇۋالدى. كېمە باشلىقى سېمىز بەستلىك ئادەم ئىدى. ھېلىقى يوغان مەخلۇق ئۇنى كۆتۈ ـ رۈپ يوغان زىخقا ئۆتكۈزۈپ، ئوتتا كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ

يەپلىۋەتتى.

بىز بۇنى كۆرۈپ، قورققىنىمىزدىن يۈرىكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ قالدى. ئاخىر كاۋاپ بولۇپ كەت-مەسلىك ئۈچۈن، غەيرەتكە كېلىپ سارايدىن قېچىپ چىقىپ ئارالدىن پاناھلانغۇدەك يەر ئىزدىدۇق. ئاخىر شۇنچە ئىزدەپ ھېچقانداق يەر تاپالماي، يەنە سارايغا قايـ-تىپ كەلدۇق. ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىمىزغا ھېلىقى مەخلۇق يەنە كېلىپ بىرىنچى قېتىمقىدەك بىزنى بىر ـ بىرلەپ دەڭسەپ كۆرۈپ، ئارىمىزدىن بىرەيلەننى تاللاپ، كېمە باشلىقىغا ئوخشاش كاۋاپ قىلىپ يېدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇنداق ئۆلۈمنى كۇ-تۇپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆل-تۈرمەكچى بولۇشتۇق. مەن كۆپچىلىككە:

— ئالدى بىلەن بىز ياغاچتىن بىر سال ياساپ قويايلى، ئاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈ-رەيلى، ناۋادا ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالساق، سالغا ئولتۇرۇپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېچىپ بېرىۋالىمىز، — دېدىم.

بىز مەسلىھەتىمىز بويىچە سال ياساپ، ئۇنى دېڭىز يا-قىسىغا يوشۇرۇپ قويدۇق ھەمدە يېمەكلىكلەرنى جايلاپ قويدۇق، ئاندىن كېيىن سارايغا قايتىپ ھېلىقى مەخ-لۇقنى ساقلىدۇق.

كېچىدە ھېلىقى مەخلۇق يەنە كېلىپ بىزنى بىر ـ بىرلەپ دەڭسەپ كۆرۈپ، ئارىمىزدىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ كاۋاپ قىلىپ يەپ بولۇپ، سۇپىغا چىقىپ ئۇخلىدى. بىز ئۇ ئۇخلاۋاتقان پەيتتە، ئاستا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئىككى تال تۆمۈر زىخنى ئوتتا راسا قىزىتىپ ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىدۇق. ئۇ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان پېتى سارايدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يوغان چىشى مەخلۇقتىن بىرنى باشلاپ كەپتۇ. بىز قورقۇپ يۈرىكىمىز يېرىلغۇدەك بولدۇق ـ دە، تېز-دىن قېچىپ دېڭىز بويىدىكى سالغا چىقىۋالدۇق. ھې-لىقى چىشى مەخلۇق يوغان تاشلارنى بىزگە قارىتىپ ئاتتى. كىشىلەرنىڭ تولىسى تاش تېگىپ ئۆلدى. مەن بىلەن يەنە ئىككىيلەنلا قۇتۇلۇپ، سال بىلەن باشقا ئا-رالغا بېرىۋالدۇق.

دېڭىزچى سىندىبات سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بىز كېچىدە كېلىپ، بىر يەرنى تېپىپ ئۇخلىدۇق. ئۇشتۇمتۇت يوغان بوغما يىلان كېلىپ ھەمرىيىمىزدىن بىرنى غۇپلا قىلىپ پۈتۈنلا يۇتۇۋەتتى. ھېلىقى بوغما يىلان بىر ھەمرىيىمىزنى يۇتۇپ بولۇپ كېتىپ قالدى. مەن ئىچىمدە:

— ياپىرىم، بۇ ئىشلار تولىمۇ غەلىتە بولۇۋاتىدۇ، ئۆلۈملەر بىردىن ـ بىرى دەھشەتلىك بولۇۋاتىدۇ، — دەپ

ئويلىدىم.

كېچىدە ھېلىقى ھەمراھىم بىلەن ئىككىمىز يوغان بىر دەرەخكە چىقىۋالدۇق. مەن ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك يەرگە چىقىۋېلىپ، بىر شاخنىڭ ئارىسىدا ياتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى بوغما يىلان يەنە كېلىپ دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك بۇ ھەمرىيىمىنىمۇ يۇتۇۋېتىپ كېتىپ قالدى. شۇ كېچىدە، مەن قورقۇپ دەرەخ ئۈستىدە مىدىرلىماي دۇم ياتتىم.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە دەرەختىن ئاستا چۈشتۈم ــ دە، بىرنەچچە تال شال تېپىپ، پۈتۈن بەدىنىمگە ئايلاندۇرۇپ قەپەسكە ئوخشاش قىلىپ باغلىدىم ــ دە، ئۆزۈم شالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتتىم. يېرىم كېچىدە ھېلىقى بوغما يىلان يەنە كېلىپ مېنى يۇتماقچى بولدى. لېكىن شاللار ئۈستۈمگە مەھكەم تېڭىلغان بولغاچقا ھەرقانچە قىلىپمۇ مېنى قەتئىي يۇتالمىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بوغما يىلان كېتىپ قالدى.

بوغما يىلان كەتكەندىن كېيىن، مەن ئۈستۈمدىكى ياغاچلارنى يېشىۋېتىپ، دېڭىز بويىغا كېلىپ، يىراقتا بىر كېمىنىڭ دولقۇن يېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن دەرھال دەرەخ شاخلىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېمىلەرگە قاراپ توۋلىدىم.

كېمىدىكىلەر مېنى كېمىگە چىقىرىۋالدى. مەن

سەرگۈزەشتىلىرىمنى ۋە ئۇچرىغان خېيىمخەتەرنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار مېنى ئىسسىق كە-يىندۇرۇپ، تاماق بەردى، شۇنىڭ بىلەن زېھنىم ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىم ئەسلىگە كەلدى. بىز دېڭىزدا دا-ۋاملىق سەپەر قىلىپ، ئوڭۇشلۇق يۈرۈپ سالاھەت دېگەن ئارالغا يېتىپ باردۇق.

كېمە باشلىقى ماڭا قاراپ:

— ئېيتقانلىرىڭغا قارىغاندا نۇرغۇن مۇشەققەت چېكىپسەن، مېنىڭ سېنى ئۆز يۇرتۇڭغا ئاپىرىپ قويۇ-غۇم بار، بىز بىر يولۇچىنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۆلۈك-مۇ، تىرىكمۇ بىلمەيمىز، مەن ئۇنىڭ ماللىرىنى ساڭا بېرەي، ئارالدا بۇ ماللارنى ساتقىن، ساتقان پۇلدىن ساڭا تاپان ھەققى بېرەي، قالغىنىنى باغدادقا ئاپىرىپ ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. بۇنىڭغا رازىمۇ-سەن؟ — دېدى.

مەن كېمە باشلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، ماللارنى ئارالغا يۆتكىدىم، كېمە ھېساباتچىسى كېمە باشلىقىدىن:

— بۇ ماللارنى كىمنىڭ نامىغا تىزىملايمەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىز بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن دېڭىزدا غەرق بولغان، بوگۈنگىچە ئۆلۈك ـ تىرىكى نامەلۇم بولغان دې-ڭىزچى سىندىباتنىڭ نامىغا تىزىملايسەن، — دېدى كې-

مە باشلىقى. مەن كېمە باشلىقىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ يېرىلىپ كەتكۇدەك خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بې-رىپ:

— مەن دېڭىزچى سىندىبات بولىمەن، مەن دېڭىزدا غەرق بولۇپ كەتمىدىم، بەلكى تېخىغىچە هاياتمەن، — دېدىم، شۇنداقلا ئۇنىڭغا بەسرەدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېمىگە چىققانلىقىمنى، ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا بولغان ۋەقەلەرنى، ئالماس تېغىدا ئالماس سودىگىرى بىلەن بولغان ئاجايىپ ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەندە كېمە باشلىقى ئاندىن مېنىڭ دېڭىزچى سىندىبات ئىكەنلىكىمگە ئى-شەندى.

دېڭىزچى سىندىبات هېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ماللىرىمنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئارالمۇ ئارال سودا قىلغاچ داۋاملىق يول يۈرۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي باغدادقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ سەپىرىمدە نۇرغۇن پۇل تې-پىپ، تارتقان جەبىر - جاپالىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم.

دېڭىزچى سىندىبات هامال سىندىباتقا ئەتە يەنە كېلىپ تۆتىنچى قېتىملىق سەپەر هەققىدىكى هېكايە-نى ئاڭلاشنى ئېيتىپتۇ هەمدە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن هەدىيە قىپتۇ.

ئەتىسى هامال سىندىبات يەنە دېڭىزچى سىندىباتنىڭ

ئۆيىگە بېرىپ تۆتىنچى قېتىملىق سەپەر ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلاپتۇ.

## سىندىباتنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

دېڭىزچى سىندىبات تۆتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن باغدادتا قايتىپ كېلىپ ناھايىتى راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈردۈم. بىر مەزگىلدىن كېيىن، مەندە يەنە راھەت تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ سىرتقا سەپەر قىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر تۇر-كۈم مال تەييارلاپ بەسرەگە ئاپاردىم، ئاندىن ئۇ يەردىكى باي سودىگەرلەر بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا راۋان بولدۇق. بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز ئۈزۈلۈشلۈق ماڭدۇق. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىپ قالدى، كېمىچى لەڭگەر تاشلاپ كېمىنى دېڭىزدا توختاتتى، ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقىپ كېمە مومىسىنى سۇندۇرۇپ يەل-كەننى پارە-پارە قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، كېمە سۇغا چۆكۈپ كېتىپ، كېمىدىكىلەر دېڭىزدا بىر ھازاغىچە لەيلەپ يۈردۇق، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ماڭا كېمە-نىڭ بىر ياغاچ تۇۋرۈكى ئۇچراپ قېلىپ، بىر قىسىم

سودىگەرلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئېسىلىپ دېڭىزدا بىر ك
چە ـ كۈندۈز لەيلەپ يۈردۇق.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، دولقۇن بىزنى سوقۇپ يۈرۈ
نامەلۇم بىر ئارالنىڭ قىرغىقىغا چىقىرىپ تاشلىد
بىز بۇ ئارالدا ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، بىر ئىم
رەتنى بايقىدۇق. توساتتىنلا ئىمارەتنىڭ ئىچىدىن ب
توپ يالىڭاچ ئادەملەر چىقىپ، ئۇندىمەستىن بىزنى ت
تۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ بىز
ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى ھەم ئالدىمىزغا تاماق كە
تۈردى. ئاچ قالغان ھەمراھلىرىم تاماققا دۈم چۈشتى
نىڭ ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ قالغاچقا يېگۈم كەلمىد
سەۋەبتىن ھازىرغىچە تىرىك قالدىم.

ھەمراھلىرىم ئۇ تاماقنى يېگەندىن كېيىن ئەقل
دىن ئېزىپ، غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ، ساراڭدەك ب
لۇپ قالدى. ئاندىن ھېلىقى يالىڭاچ ئادەملەر ئۇلارغ
كوكس يېغىنى ئىچكۈزدى ۋە بەدەنلىرىگە سۈركىد
ھەمراھلىرىم بىردىنلا كۆزلىرى ئالىيىپ خۇدىنى ي
قىتىپ، ساراڭلارچە ھەدەپ تاماق يېگىلى تۇردى. م
ھەمراھلىرىمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ھېلىقى يالىڭ
ئادەملەردىن ئىنتايىن قورقتۇم. كېيىن قارىسام ئۇلا
ئوتقا تىۋىنىدىغان مەجۇسلاردىن بولۇپ ئۇلارنىڭ پادىش
ھى چوڭ ئورانگۇتان ئىكەن. كىمكى بۇ ئارالغا كېلى

سا، ئۇلارغا ھېلىقى تاماقنى بېرىپ، بەدىنىگە كوكس
ىنى سۈركەيدىكەن، ئۇلار خۇدىنى يوقاتقان ھالدا تا-
نى يەۋېرىپ تازا سەمرىگەندە، ئۆلتۈرۈپ پادىشاھىغا
ۋاپ قىلىپ بېرىدىكەن.

مەن قورقۇپ كۈن بويى ھېچنېمە يېمىگەنلىكىمدىن
رۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدىم. ئۇلار
ىنىڭ بۇنچىۋالا ئورۇقلۇقىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ بىلەن
رى بولمىدى. بىر كۈنى مەن ئۇلارغا تۇيدۇرماي بۇ
ردىن قېچىپ كەتتىم ۋە توختىماي يەتتە كېچە-
ۈندۈز يول ماڭدىم. سەككىزىنچى كۈنى ئەتىگەندە
ردىنلا يىراقتىن ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇلار
ارمۇچ يىغىۋاتقانلار ئىكەن، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا
رىپ، نەچچە كۈندىن بۇيانقى سەرگۈزەشتلىرىمنى
يتىپ بەردىم. ئۇلار ئاڭلاپ، مېنىڭ ئامان-ئېسەن
ۇتۇلۇپ كەلگەنلىكىمنى تەبرىكلىدى. ماڭا تاماق بەردى.
ەن قورساقنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، مېنى
ۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ئارالغا باشلاپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ
ادىشاھى بىلەن كۆرۈشتۈردى.

پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، شەھەر
وچىلىرىنى ئايلاندىم. شەھەردىكى ئادەملەر مۇلايىم،
ېقىملىق ئىكەن. كېيىن بۇ ئارالدىكى چوڭ-كىچىك
ەمەيلەننىڭ چىرايلىق ئارغىماقلارغا ئېگەر توقۇماي،

ياياق پېتى مىنىدىغانلىقىنى بايقىدىم. مەن بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، پادىشاھتىن نېمە ئۈچۈن ئاتقا ئېگەر توقۇماي مىنىدىغانلىقىنى سورىدىم ھەم ئاتقا ئېگەر توقۇپ مىنگەندە ھەم راھەت، ھەم بەخىرامان ئولتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم ۋە پادىشاھقا بۇنى سىناپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ماقۇل بولدى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۈچۈن چىرايلىق بىر ئېگەر ـ جابدۇق ياساپ بەردىم. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. بۇ ئېگەر ـ جابدۇقلار ئوردىدىكى باش ۋەزىر ۋە باشقا ۋەزىر ـ ئەمەلدارلارغىمۇ ياراپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېگەر ـ جابدۇق ياساپ ساتقىلى تۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن پۇلغىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگىمۇ مۇيەسسەر بولدۇم. بىر كۈنى پادىشاھ ماڭا:

— سېنى بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن بىر قىزغا ئۆيلەپ، مۇشۇ يەرنىڭ پۇقراسى قىلماقچىمەن، — دېدى.

مەن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلالماي، نائىلاج ماقۇل بولدۇم، پادىشاھ مېنى ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتىشكەن، ھۆسن ـ جامالدا تەڭدىشى يوق بىر ساھىبجامالغا نىكاھلاندۇردى. تويدىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ، راھەت، شېرىن تۇر-

مۇش كەچۈردۇق.

بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ ئايالى ۋاپات بولدى، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەسەللى بەردىم ھەمدە خۇدايىتائالا تەلىيىمىزگە خوتۇنىمىزدىنمۇ قىلىشمايدىغان يەنە بىر ياخشى خوتۇن بىرەر دېدىم. بىراق ئۇ ئۆيلىمىغان يەردىن مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئىنتايىن غەمكىن ھالدا، ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈكلا ئۆمرى قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئالدىراپ —تېنەپ:

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇگۈن كىشىلەر خوتۇنۇمنى دەپنە قىلىدۇ، بەل- كىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىمۇ گۆرگە كۆمۈۋېتىشى مۇمكىن. بۇ —بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى. بىز- نىڭ ئايال ئۆلسە ئەرنى تىرىك تۇرغۇزۇپ بىللە دەپنە قىلىش، ئەر ئۆلسە ئايالنى تىرىك تۇرغۇزۇپ بىللە دەپنە قىلىش قائىدىمىز بار.

بىز گەپلىشىپ تۇراتتۇق، بىرمۇنچە جامائەت كى- رىپ كېلىشتى، ئۇلار مېيىت بىلەن قوشنامنى بىللە تاۋۇتقا سالدى. ئاندىن كېيىن دېڭىز ياقىسىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان چوڭ بىر قورۇقنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، قوشنىمىزنىڭ ئايالىنى ئاۋۋال قۇدۇققا تاشلىدى، ئاندىن قوشنىمىزنى يوغان ئارغامچا بىلەن بېلىدىن باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇدۇققا يەنە

يوغان بىر چۆگۈن تۈزسىز سۇ ۋە يەتتە چولك نان تاشلاپ بېرىپ، ئارغامچىنى يېشىۋەتتى، ئاخىردا يوغان تاش بىلەن قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم يېپىۋەتتى.

مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچىمدە ياﺋاللا، كېيىندىكىسىنىڭ ئۆلۈمى ئالدىنقىسىنىڭكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولىدىكەنغۇ دەپ ئويلىدىم. ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ماڭا ئوخشاش ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنىڭ خوتۇنى ئۆلسىمۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئېرىنى قوشۇپ تىرىك دەپنە قىلامسىلەر؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەئە، ئۇنى ئايالى بىلەن بىللە دەپنە قىلىمىز، دەپ — جاۋاب بەردى پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، خوتۇنۇم مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرىگىلى تۇردۇم. دېگەندەكلا، ئۇزۇن ئۆتمەي خوتۇنۇم كېسەل بولۇپ ئۇزاققا بارماي ۋاپات بولدى.

ئۇلار ئادىتى بويىچە ئاۋۋال خوتۇنۇمنىڭ مېيىتىنى قۇدۇققا تاشلاپ، ئاندىن كېيىن مېنى باغلاپ يەتتە نان ۋە بىر چۆگۈن سۇ بىلەن بىللە قۇدۇققا تاشلىدى. مەن ئارغامچىنى يەشكىلى ئۇنىمىغانىدىم، ئۇلار ئارغامچىنى قۇدۇققا تاشلاپ، يوغان تاش بىلەن قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپ كېتىشتى.

دېڭىزچى سىندىبات ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:
— ئەسلىدە ھېلىقى قۇدۇقنىڭ ئىچى غايەت چوڭ غار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئۆلۈكلەر چىرىپ، سېسىپ يېتىپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، كېچە - كۈندۈزنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مەن ئۆلۈك-لەرنىڭ ئارىسىدا يېتىشقا ئادەتلىنىپ قالدىم. سۇ ۋە يېمەكلىك چەكلىك بولغاچقا، قورساق ئېچىپ، ئۇسساپ چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتكەندىلا ناندىن بىر چىشلەم يەپ، سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ قوياتتىم.
مەن ئاستا - ئاستا ئۆڭكۈردىكى سېسىقچىلىققا ۋە قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالدىم، كېيىن بۇ ئۆڭكۈرنىڭ تو-لىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدىم. ئاخىر ئوزۇق - تۈ-لۈك تۈگەپ كەتكەندە قانداق قىلارمەن دەپ ئويلاپ تۇر-سام، بىردىنلا قۇدۇق ئاغزىدىكى تاش قوزغىلىپ، ئۈس-تىدىن يورۇق كۆرۈندى. قارىسام تۆپىدىن بىر ئەرنىڭ جەسىتى بىلەن بىر تىرىك ئايال چۈشۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىمۇ چۈشۈرۈلدى. مەن ھېلىقى ئا-يالنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تارتىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم تىرىك ئادەم چۈشۈرۈلگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تارتىۋېلىپ جان باقتىم.
ئاخىر بىر كۈنى چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسام، بىر-

نەرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. يېنىغا بېرىپ سىنچىلاپ قارىسام، بىر كىچىك ھايۋان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدىم، بىر ھازادىن كېيىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى. مەن شۇ يورۇقلۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئاخىر ئۇنىڭ تاغ باغرىدىكى غار ئاغزى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مەن غار ئاغزىدىن چىقىپ ئەتراپقا قاراپ، ئۆزۈمنىڭ دېڭىز بويىدىكى بىر ئېگىز تاغدا تۇرغانلىقىمنى بايقىدىم. ئاندىن كېيىن يەنە غارنىڭ ئىچىگە قايتىپ ئۆلۈكنىڭ كىيىممنى يېشىۋېلىپ، ئۇستۇمدىكى يىرتىق كىيىملەرنى سېلىپ ئالماشتۇرۇپ، ئۆلۈكلەر تاقىۋالغان زىبۇزىننەت، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېلىۋېلىپ، ئۆڭكۈردىن چىقتىم. مەن ھەر كۈنى ئۆڭكۈرگە كىرىپ ـ چىقىپ، تىرىك تاشلانغان ئادەملا بولسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئېلىۋالدىم.

بىر كۈنى، دېڭىز بويىدا ئۇشتۇمتۇت بىر كېمىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاخىر كېمىدىكىلەر مېنى قۇتقۇزۇپ باغدادقا ئاپىرىپ قويدى. مانا بۇ تۆتىنچى قېتىملىق سەپىرىمدە يولۇققان ئاجايىپ ۋەقە.

بۇرادەرلەر دېڭىزچى سىندىباتنىڭ دېڭىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ، ھەربىر ھېكايىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلاپتۇ.

ئەتىسى دېڭىزچى سىندىبات بەشىنچى قېتىملىق

دېڭىز سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ.

## سىندىباتنىڭ بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

— بىر مەزگىلدىن كېيىن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ دېڭىزچى سىندىبات، — يەنە مەندە سىرتقا سەپەر قىلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ، بەسرەگە بېرىپ كاتتا بىر كېمە سېتىۋېلىپ، ئالغان ماللارنى ئۇنىڭغا قاچىلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنىمۇ كىرا ھەققى ئېلىپ، كېمىگە باستىم. يول بويى نۇرغۇن پورتلاردىن ئۆتتۇق، قىرغاقتا چىقىپ سودا - سېتىق قىلدۇق، ئوقىتىمىز ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى.

بىر كۈنى بىز ئادەم يوق بىر ئارالغا كېلىپ قالدۇق، ئارالدا يوغان بىر ئاق گۈمبەز كۆرۈندى. سودىگەرلەر قىزىقىپ تاش بىلەن ئۇنى چاققىلى تۇرۇپتۇ، ئۇ چېقىلىپ، ئىچىدىن يوغان بىر سۇمۇرغ چۈجىسى چىققان ئىكەن، ئۇلار ئۇنى سويۇپ گۆشىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇ چاغدا مەن كېمىدە قالغان بولۇپ، بۇلاردىن خەۋىرىم يوق ئىدى. بىر چاغدا يولۇچىلاردىن بىرى ماڭا:

— قاراڭ، ھېلىقى گۈمبەزدەك كۆرۈنگەن نەرسە

ئەسلىدە يوغان تۇخۇم ئىكەن، — دېدى.

— مەن ئۇنىڭ سۇمۇرغ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم ـ دە، ئالدىراپ ـ تېنەپ:

— بۇ قىلغىنىڭلار بولماپتۇ، ئەمدى سۇمۇرغ كەلسە كېمىنى ۋەيران قىلىپ، بىزنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدىم.

دەل شۇ چاغدا، ئەركەك سۇمۇرغ بىلەن چىشى سۇمۇرغ تۇخۇمىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، بىزگە قاراپ چىرقىرىدى. ئىككى سۇمۇرغ كېمە ئۈستىدە ئايلىنىپ، بىزگە قاراپ توختىماي چىرقىراشتى. مەن كاپىتان بىلەن كېمىچىلەرگە كېمىنى تېز ھەيدەپ قېچىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلدىم. كاپىتان شۇ زامات يەلكەننى چىقىرىپ، كېمىنى ھەردەكەتكە كەلتۈرۈپ ئارالدىن قوزغالدى. بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇق دەپ خۇش بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، ئۇلار بىزنى قوغلاپ يېتىپ كەلدى. ئەركەك سۇمۇرغ كېمىمىزگە قارىتىپ تۇرۇپ يوغان تاشنى تاشلىدى، تاش كېمىگە تەگكىلى قىل قېلىپ دېڭىزغا چۈشتى. ئاندىن چىشى سۇمۇرغمۇ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن يوغان تاشنى كېمىگە توغرىلاپ تاشلىۋىدى، يوغان تاش دەل كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا چۈشۈپ، كېمىنى پاچاق ـ پاچاق قىلىۋەتتى، كېمىدىكى ئادەم ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا

چۈشۈپ كەتتى.

مەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كېمىنىڭ بىر پارچە تاختىيىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئالغا قاراپ بىرھازا ئۈزدۈم. تەقدىر مېنى يەنە ھېلىقى ئارالغا قايتۇرۇپ كەلدى. مەن چارچاپ ھالىمدىن كېتىپ، دېڭىز بويىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئەتىسى بىر ئېرىق بويىغا كەلسەم، چاچلىرى ئاپئاق، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل بىر بوۋاي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا قول ئىشارىتى بىلەن مېنى نېرىقى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قوي دېگەندەك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يەلكەمگە يۈدۈپ، ئۇ دېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويدۇم.

ئويلىمىغان يەردىن ئۇ بوۋاي يەلكەمدىن چۈشمەك تۇرماق، ئەكسىچە ئىككى پاچىقى بىلەن بوينۇمغا چىرماق سېلىپ قاتتىق قىسقانىدى، دەم ئالالمايلا قالدىم. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم، ئاندىن ئۇ پۇتلىرىنى بوشىتىپ مېنى قاتتىق تەپتى. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا، ئۇ يەنە بوينۇمغا مىنىۋېلىپ، توختىماي قول ئىشارىتى قىلىپ، بارىدىغان تەرەپنى كۆرسەتتى. ھەرىكىتىم سەل ئاستا بولۇپ قالسا تېپىپ ئۇردى، چوڭ ـ كىچىك تەرەتىنىمۇ مېنىڭ بوينۇمغا قىلدى، ئۇخلىغۇسى كەلسە ئىككى پۇتىنى چىرماشتۇرۇپ بوينۇمنى قىسىپ تۇرۇپ بىرئاز ئۇخلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ

ئۇنى كۈن بويى كۆتۈرۈپ يۈردۈم.

بىر كۈنى ماڭا ـ ماڭا ئارىلىدىكى بىر كاۋىلىقتا كېلىپ قالدۇق. مەن پىشقان كاۋىدىن بىرنى ئۈزۈۋېلىپ، تېشىپ ئېتىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۈزۈمنى سىقىپ سۈيىنى قۇيۇپ، ئاپتاپقا قويۇپ ئېچىتىپ مۇ-سەللەس ياسىدىم ـ دە، ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن ئازراق ئى-چىۋېلىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم. يەلكەمدىكى ھې-لىقى رودۇپاي بوۋاي قول ئىشارىتى قىلىپ مۇسەللەسنى كۆرسىتىپ، ماڭا بەرگىن دېدى، ماقۇل دەپ بەرسەم، ئۇ بىرلا كۆتۈرۈپ ھەممىنى ئىچىۋېتىپ، مەست بولۇپ ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنى قاتتىق ئىرغىتىپ يەرگە تاشلىۋەتتىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىپ ماڭا يەنە زىيان ـ زەخمەت يەت-كۈزۈشىدىن قورقۇپ، ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-ۋەتتىم.

ياۋۇز مەخلۇقنى يوقىتىپ ئۆز ئەركىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەلكەمدىن ئېغىر بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىكلەپ كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇن-داق قىلىپ بۇ ئارالدا ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم. مەن ھەر ۋاقىت بىرەر كېمىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم.

بىر كۈنى دېڭىزدا بىر كېمىنىڭ ئارالغا قاراپ

كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم، بىر كەمدىن كېيىن كېمە ئارالغا يېقىنلاپ، يولۇچىلار ئارالغا چىقىپ كېلىشتى ۋە مېنىڭ ياۋايى ئادەمدەك ھالىتىمنى كۆرۈپ، مەندىن ئۇ-نى - بۇنى سوراشتى، مەن ئۇلارغا بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى ۋە تارتقان كۈلپەتلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار ھەيران بولۇپ:

— بوينۇڭغا مىنىۋالغان ھېلىقى رودۇپاينىڭ ئىس-مى دېڭىز پىرى. بۇگۈنگىچە سەندىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ نىجىس قولىدىن تىرىك قۇتۇلالىغان ئەمەس، — دېيىشتى.

مەن ئۇلار بىلەن بىللە كېمىگە چىقتىم، تەقدىر بىزنى يەنە مايمۇنلار شەھىرىگە باشلاپ باردى. بۇ يەردى-كى ئاھالىلەر مايمۇنلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ، ھەر كۈنى كەچتە كېمىگە ياكى قولۇۋاققا چىقىپ كېچىنى دېڭىزدا ئۆتكۈزىدىكەن. مەن بۇ ئەھۋالغا قىزىقىپ، ئايلىنىپ كەلگىلى شەھەرگە كىرىپ كېتىپتىمەن. قايتىپ كەلسەم كېمە كېتىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتىم.

شۇ يەرلىك كىشىلەردىن بىرى ياقا يۇرتتىن كەلگەن مەن مۇساپىرغا ئىچى ئاغرىپ:

— بىز قولۇۋاقتا بىر كېچىنى بىللە ئۆتكۈزەيلى. ئەگەر بۇ يەردە قالىدىغان بولساڭ، مايمۇنلارنىڭ

زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايسەن، — دېدى.

مەن دەرھال ماقۇل بولۇپ قولىۋاققا چىقتىم. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شەھەرگە قايتىپ، ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق، ھەر كۈنى كەچتە كېمىدە كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان ئىكەن.

ھېلىقى مەن بىلەن بىر كېچىنى دېڭىزدا بىللە ئۆتكۈزگەن كىشى مېنىڭ دېڭىزدا بالا ـ قازاغا ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىمنى، ھازىر قىلىدىغان ئىشىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئەتىسى بىر تاغارنى ئەكېلىپ ماڭا بېرىپ:

— بۇ تاغارنى ئېلىپ شەھەردىكىلەرگە قوشۇلۇپ تاش تەرگىن، ئاندىن ئۇلارغا ئەگىشىپ شەھەردىن چىقىپ ئۇلار نېمە قىلسا سەنمۇ شۇنى قىلغىن، بەلكىم قىلغان ئىشىڭدىن نەتىجە چىقىپ، ئۆيۈڭگە كېتىۋالغۇدەك خىراجەتكە ئىگە بولۇپ قالارسەن، — دېدى.

ئۇلار مېنى شەھەردىن ئېلىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا تاش قاچىلانغان بىردىن تاغار بار ئىدى. بىز نۇرغۇن كوكس دەرىخى بار بىر جىلغىغا كەلدۇق. ئۇ جىلغىدا ئويناپ يۈرگەن مايمۇنلار بىزنى كۆرۈشى بىلەن يۈگۈرۈشۈپ دەرەخكە چىقىۋالدى، باشقىلار تاغاردىكى تاشنى ئېلىپ مايمۇنلارغا قارىتىپ ئاتقىلى تۇردى. مايمۇنلار بولسا دەرەختىكى كوكسنى ئۈزۈپ بىزگە

ئاتتى، مەنمۇ باشقىلارنى دوراپ شۇنداق قىلدىم. تاغاردىكى تاشلار تۈگىمەي تۇرۇپلا بىرمۇنچە كوكس تېرىۋالدۇق.

ھەممەيلەن تاغارنى كوكس بىلەن توشقۇزۇپ شەھەرگە قايتتۇق، ئاندىن ئۇنى بازارغا ئاپىرىپ ساتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ھەمراھلىرىم بىلەن بىللە بېرىپ كوكس تېرىپ كېلىپ سېتىپ بىرمۇنچە پۇل يىغدىم، ھال ـ كۈنۈممۇ ياخشىلىنىپ قالدى.

بىر كۈنى مەن بۇ شەھەرگە بىر كېمىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم، شۇنىڭ بىلەن دوستلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، كوكس ۋە ماللارنى ئېلىپ كېمىگە چىقىپ، مايمۇنلار شەھىرىدىن ئايرىلىپ سەپەرگە ئاتلاندىم. سودا كېمىسى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي مېڭىپ، ئاخىر بەسرەدىن ئۆتۈپ باغدادقا قايتىپ كەلدى.

مانا بۇ مەن بەشىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە يولۇققان ئاجايىپ ۋەقەلەر. ئەتە سىلەرگە ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

## سىندىباتنىڭ ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

دېڭىزچى سىندىبات دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ ئالتىنچى

قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

— مەن بەشىنچى قېتىملىق سەپىرىمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردۈم. بىر كۈنى، سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم سودىگەر ئاغىنىلىرىم مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىشى مەندە يەنە سىرتقا چىقىپ سودىگەرچىلىك قىلىش ئىستىكىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن باغدادتىن بىر تۈركۈم مال ئېلىپ بەسرەگە ئاپىرىشىمغا، يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان چوڭ بىر كېمە ئۇچراپ قالدى ـ دە، ماللىرىمنى تېزلا كېمىگە بېسىپ، شۇ زامان يولغا چىقىپ كەتتۇق. مەن كېمىدىكى چوڭ سودىگەرلەر بىلەن بەسرەدىن ئايرىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ماڭدۇق. يول بويى سودا ـ سېتىق قىلغاچ ھەرقايسى جايلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ مېڭىپ، قانچىلىك يول يۈرگەنلىكىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپتۇق.

— بىر كۈنى، كېمىمىز دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، كاپىتان تۇيۇقسىز ۋارقىراپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— ئەستاغپۇرۇللا! كېمىمىز يولدىن ئادىشىپ كېتىپتۇ بىزگە نامەلۇم بولغان بىر دېڭىز تەۋەسىگە كىرىپ قاپتىمىز، بىز قوتۇلغۇسىز بالايىئاپەتكە ئۇچرايدىغان بولدۇق، — دېدى.

كاپىتان يەلكەننى چۈشۈرمەكچى بولغانىدى، تۇساتتىنلا شىددەتلىك بوراپ چىقىپ يەلكەننى ۋەيران قىلىۋەتتى ـ دە، كېمە رولىنى كونترول قىلغىلى بولماي، بىر تاغقا سوقۇلۇپ كەتتى. كاپىتان ئىلاجسىز قېلىپ:

— بىز بۈگۈن بالايىئاپەتكە يولۇقتۇق، بۈنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدىغان بولدى، — دېدى.

كېمىدىكى يولۇچىلار، بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سېزىپ يىغا ـ زار قىلىشىپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن ۋىدالاشتۇق. دەل شۇ چاغدا بىر چوڭ دولقۇن كېلىپ كېمىنى يەنە تاغقا سوقۇپ كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋەتتى ۋە كېمىدىكى سودىگەرلەر ۋە ماللارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ بەزىلىرى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى، بەزىلىرى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئارالغا چىقىۋالدى. مەنمۇ بىر ئامال قىلىپ ئارالغا چىقىۋالدىم.

مەن بۇ ئادەمزات يوق ئارالغا چىقىپ، بىر بۇلاقنى بايقاپ قالدىم، بۇلاقتا نۇرغۇن ئۈنچە ـ مەرۋايىت، قىممەتلىك كان تاشلىرى، ياقۇتلار بار ئىكەن. بۇ بايلىقلار بۇلاقتىن چىقىپ ئېقىۋاتقان ئېقىندا خۇددى سايدىكى تاشلاردەك چېچىلىپ يېتىپتۇ.

بىز بۇ ئارالدا يەنە نۇرغۇن ئۇد ۋە ئەنبەرلەرنى كۆردۇق، بىر جاي خۇددى ئەنبەر بۇلاقلىرىغا ئوخشايدىكەن،

بىز ئارالدا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرئاز يېمەكلىك يىغىۋې-
لىپ ئۇنى يېجەپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنده بىر قېتىمدىن
ئوزۇقلاندۇق. چۈنكى، يېمەكلىك تۈگەپ كەتسە ئاچارچى-
لىقتىن قىينىلىپ ئۆلۈشتىن ئەنسىرەيتتۇق. كۈنلەر-
نىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەمراھلىرىم كەينى ـ كەينىدىن
ئۆلۈپ، ئازلا ئادەم قالدۇق. ساق قالغانلارمۇ ئاچارچىلىق
ۋە دېڭىز بويى نەم ـ زەي بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، قورساق
ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ، ئا-
خىر يالغۇز مەنلا تىرىك قالدىم. مەن ئىختىيارسىز
ۋارقىراپ يىغلاپ، ئىچىمدە ھەمراھلىرىمدىن بۇرۇن ئۆ-
لۈپ كەتكەن بولساممۇ بوپتىكەن، دەپ ئويلىدىم.

سىندىبات ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— بۇ دەريانىڭ بېشى بولغاندىكىن ئاخىرىمۇ بول-
دۇ، ئۇ جەزمەن ئادەم بار يەرگە ئېقىپ بېرىشى مۇمكىن.
ئەگەر بىرەر قولۋاق بولغان بولسا، مۇشۇ دەرياغا چۈشۈپ
تۆۋەنگە قاراپ ماڭسام ئېھتىمال قۇتۇلۇپ قالارمەن دەپ
ئويلىدىم مەن. شۇنىڭ بىلەن ئارالدىن ياغاچلارنى ۋە
كېمىنىڭ تاختىيىنى يىغىپ سال ياساپ، ئارالدىكى
بىرمۇنچە قىممەتلىك رۇدا تاش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى
شۇنىڭدەك ئېسىل، ساپ ئەنبەرلەرنى يىغىپ، ئېشىپ قال-
غان ئوزۇقىنىمۇ سالغا سېلىپ، سالنى سۇنىڭ ئېقى-
شىغا قاراپ ماڭغۇزدۇم. ھېرىپ چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن،

ئىختىيارسىز سالىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئويـ-
غىنىپ قارىسام پايانسىز كەڭ بىر زېمىندا تۇرۇپتىمەن.
سال بولسا دەريانىڭ قىرغىقىدا تۇرۇپتۇ. ئەتراپىنى بىر-
مۇنچە ھىندىلار ۋە ھەبەشلەر ئوراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ماڭا
گەپ قىلىشتى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۇقال-
مىدىم.

شۇ ئارىدا ئۇلاردىن بىرى ماڭا ئەرەب تىلىدا:

— قېرىنداش، سەن كىم بولىسەن؟ قەيەردىن كەل-
دىڭ، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ، بىز دېھقان، بۇ
يەردە تېرىقچىلىق قىلىمىز، — دېدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىغان سەرگۈ-
زەشتلىرىمنى ئۇلارغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار
ئاڭلاپ بولۇپ، پادىشاھىمىزغا ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئەھ-
ۋاللارنى سۆزلەپ بەرگىن دەپ مېنى شاھنىڭ ئالدىغا
ئاپاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز سەرگۈزەشتلىرىمنى پادى-
شاھقىمۇ سۆزلەپ بەردىم. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ھەيرانلا
قالدى.

بىر كۈنى، پادىشاھ مەندىن باغداد خەلىپىسىنىڭ
ئەلنى قانداق ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى سوراپ قالدىم.
مەن خەلىپىمىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىكلىكى، ئادىل ئىش
قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەردىم.

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ مەندە راستلا ئۇ-

نىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى، ئۇنىڭغا ئازراق سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ بېرەي ئالغاچ كېتەرسەن، — دېدى پادىشاھ ماڭا.

بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا بۇ شەھەردە بىر قىسىم سودىگەرلەرنىڭ مال تەييارلاپ بەسرەگە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، دەرھال پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى ۋە ئەل يۇرتنى سېغىنغانلىقىمنى، مۇشۇ سودىگەرلەر بىللە ئۆز يۇرتۇمغا بېرىۋالماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم.

پادىشاھ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېنى ھېلىقى سودىگەرلەرگە تاپشۇردى ۋە ماڭا بىرمۇنچە پۇل ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى بەردى، شۇنداقلا باغداد خەلىپىسىگە قىممەت باھالىق سوۋغا تەييارلاپ، ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ۋە دوستلار بىلەن خوشلىشىپ، دېڭىزدىكى سەپىرىمنى باشلىدىم. سەپەر ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بەسرەگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلدىم. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن باغداد شەھىرىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ يەرگە كېلىپلا دەرھال خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ پادىشاھنىڭ سوۋغا ـ سالىمىنى تاپشۇرۇپ بەردىم.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خەلىپە مېنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، سوۋغا ـ سالامنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى،

ئەدىن كەلگەنلىكىنى سۇرۇشتۇردى.

مەن ئۇ شەھەرنىڭ نامىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى، ئۇ يەرگە قانداق بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئاندىن ئۆزۈمنىڭ يولدا قانداق خېيىمخەتەرگە ئۇچرىغانلىقىمنى، قانداق قىلىپ بىر كىچىك دەريانى بويلاپ ئېقىپ ئۇ شەھەرگە بېرىپ قالغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسىنى ۋە پادىشاھنىڭ سوۋغا ـ سالام يوللىشىنىڭ سەۋەبىنى بىر ـ بىرلەپ خەلىپىگە تولۇق سۆزلەپ بەردىم.

خەلىپە سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلارغا كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈ-چۈن، سەرگۈزەشتىلىرىمنى يېزىپ قالدۇرۇشنى تاپىلىدى.

قېرىنداشلار، بۇ مېنىڭ ئالتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىم توغرىسىدىكى ھېكايە. ئەتە يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىم توغرىسىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

## سىندىباتنىڭ يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

ھامال سىندىبات دېڭىزچى سىندىباتنىڭ خانى-سىگە بېرىپتۇ. قارىسا باشقىلار كېلىپ بولغانىكەن، دېڭىزچى سىندىبات يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى

ھەققىدىكى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

— قېرىنداشلار، مەن باغدادقا قايتىپ كېلىپ مە-
لۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەندە يەنە دېڭىز - ئوك-
يانلارنى ئارىلاپ، جاھاندىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى
بىلىش ئىستىكى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈر-
كۈم ماللارنى ئېلىپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بەس-
رەگە بېرىشقا يولغا چىقتۇق. سەپەر ئوڭۇشلۇق بولۇپ،
جۇڭگو دېڭىز تەۋەسىگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنى تۇي-
مايلا قاپتۇق.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز دەھشەتلىك بوران چىقىپ،
بىردەمدىلا قاتتىق يامغۇر ياغقىلى تۇردى، ھەش - پەش
دېگۈچە ئۇستۇېشىمىز ۋە ماللىرىمىز چىلىق - چىلىق
ھۆل بولۇپ كەتتى.

كاپىتان ئالمان - تالمان كېمىنى يېشىۋېتىپ
كېمە مومىسىغا يامىشىپ چىقىپ ئەتراپقا قاراپ قايتىپ
چۈشۈپ، ئىنتايىن جىددىيلەشكەن ھالدا ئۆڭسۈلى يوقلا
بىزگە:

يىغلىغىڭلار كەلسە يىغلىۋېلىڭلار، يىغلاپ بولۇپ
بىر - بىرىڭلار بىلەن ۋىدالىشىۋېلىڭلار. بىلىپ قويۇڭ-
لاركى، بوران بىزنىڭ كېمىمىزنى پايانسىز دېڭىزنىڭ
ئەڭ خەتەرلىك بىر چېتىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ، — دېدى.

ئاندىن كېيىن كاپىتان بىر ساندۇقنى ئېچىپ بىر

كىتابنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كې-
تىپ:

— يولۇچىلار، بۇ كىتابتا بىر ۋەقە يېزىلغان، ئۇ-
نىڭدا ئېيتىلىشچە، بۇ يەرگە كەلگەن ئادەمنىڭ بىرىمۇ
تىرىك قالمايدىكەن. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام-
نىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە ئىكەن. بۇ يەردە دەھشەتلىك
چوڭ كىت ۋە ئاكۇلىلار بار ئىكەن. بىرەر كېمە بۇ
يەرگە كېلىپ قالسا، بۇ كىتلار كېمە ۋە كېمىدىكى نەر-
سىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇپلىۋېتىدىكەن، — دېدى.

كاپىتاننىڭ سۆزى تۈگىمەيلا بىز ئولتۇرغان كېمە
ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ يەنە سۇغا چۈشتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك گۈركىرىگەن
ئاۋاز ئاڭلاندى، تاغدەك يوغان بىر كىت بىزنىڭ كېمىگە
قاراپ باستۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى
بىر كىتمۇ بىزگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بىز قورقۇپ
جان ـ پېنىمىز چىقىپ تەقدىرگە تەن بېرىپ، مىدىر
قىلماي تۇرۇپلا قالدۇق. بىر كەمدىن كېيىن ئۈچىنچى
كىتمۇ بىز تەرەپكە قاراپ باستۇرۇپ كەلدى، ئۇ ئالدىنقى
ئىككى كىتتىنمۇ چوڭ ئىدى. ئۈچ كىت ئاغزىنى يوغان
ئېچىپ بىزنىڭ كېمىنى ۋە بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنى
بىراقلا يۇتىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. كۆتۈلمىگەندە
قاتتىق بوران چىقىپ كېمىنى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈپ

تاشلىغاندا كېمە خادا تاشقا سوقۇلۇپ، پاچاق ـ پاچاق بولۇپ، كېمىدىكى ماللار، سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا چۆشۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا مەن يېنىمدا لەيلەپ تۇرغان بىر پارچە تاختايغا ئېسىلىۋېلىپ، ئۈزۈپ يۈرۈپ بىر ئارالغا ئارانلا چىقىۋالدىم. بۇ ئارالدا قويۇق ئورمان، ئېقىن سۇلار بار ئىكەن. قورسىقىم ئاچسا دەرەختىكى مېۋىلەرنى يەپ قورسىقىمنى تويغۇزدۇم، ئۇسسىسام ئېرىقتىكى سۇنى ئىچتىم. ئارالدا نىشانسىز ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ خېلى چوڭ بىر ئۆستەڭنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ چاغدا ئالدىنقى قېتىم سالغا ئولتۇرۇپ خېيىمخەتەردىن قۇ-تۇلغانلىقىم ئېسىمگە كېلىپ ئورمانلىقتىن يوغان سەندال ياغاچلىرىنى تېپىپ كېلىپ كىچىك بىر سال ياسىدىم، ئاندىن كېيىن سالغا ئولتۇرۇپ سۇنىڭ ئېقى-شىغا قاراپ ماڭدىم. ئۈچ كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سال مېنى بىر ئېگىز تاغنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ دەريا شۇ تاغنىڭ ئاستىدىكى ھاڭدىن ئۆتىدىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي سال بىلەن كەڭ يورۇق دالاغا چىقىپ قالدىم. بۇ يەردە سۇ ئىنتايىن شىددەتلىك ئاققاچقا، سال سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا لەيلەپ تۇرۇپ قېلىپ، قىرغاققا زادىلا يېقىنلىشالمىدى، شۇڭا، نائىلاج سالنى سۇنىڭ ئېقىمىشىغا قويۇپ بەردىم، ئاخىر سال مېنى ئاۋات بىر

شەھەرنىڭ ئەتراپىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردىكى كىشى‐لەر مېنى كۆرۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىشتى، بۇ چاغدا مەن ھالىمدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدىم.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مويسىپىت بىر ئاقساقال بار ئىكەن. ئۇ مېنى قارشى ئېلىپ، ئۆيگە باشلاپ بېرىپ، خىزمەتكارلىرى ۋە دېدەكلىرىگە مېنى ئوبدان كۈتۈشنى، نېمە تەلەپ بولسا جەزمەن بېجىرىپ بېرىشنى تاپىلى‐دى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇردۇم، ئۇ مېنى ئې‐سىل تائام، شارابلار بىلەن كۈتتى. تۆتىنچى كۈنى ئاق‐ساقال ماڭا:

— ئوغلۇم، بىز بىللە بازارغا بېرىپ ماللىرىڭنى ساتايلى! باھاسىنى سۆزلىشىپ دېتىغا يارىسا سات، با‐ھاسىغا چىقمىسا ۋاقتىنچە مېنىڭ ئۆيۈمدىكى ئامبارغا قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنكى بازار كۈنى ساتايلى، — دېدى.

مەن بىر ھازاغىچە ئويلىنىپ، ئۇنىڭ مال دېگىنى نېمىدۇ دەپ ھېچ تېگىگە يېتەلمىدىم. مەن ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ بازارغا بېرىپ قارىسام، ئۇ مەن ئولتۇرۇپ كەلگەن سالنى چۇۋۇپ يېيىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ مال دېگەندە ئاشۇ سەندەل ياغاچلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئىكەن. ئۇ سو‐دىگەرلەر بىلەن سۆزلەشتى، ئاخىر باھاسى مىڭ دىنارغا چىقتى. ئاقساقال سودىگەرلەر قويغان باھاغا يۈز دىنار قوشۇپ ئۇنى سېتىۋەتتى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاقساقال ماگا:

— مەن ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىدىم، بىرلا ساھىب-جامال قىزىم بار، مەن شۇ قىزىمنى ساڭا نىكاھلاپ قويسام، مۇشۇ يەردە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ قالساڭ، ئاندىن مېنىڭ بارلىق مال-مۈلكىمگە سەن ۋارىسلىق قىلساڭ دېگەن ئويۇم بار. ناۋادا يۇرتۇڭغا قايتىماقچى بولساڭ ياكى سودىگەرچىلىك قىلماقچى بولساڭ ھېچ-كىم ساڭا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، — دېدى.

مەن بوۋاينىڭ پىكرىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قى-زىنى نىكاھىمغا ئالدىم. تويدىن كېيىن ئەر-خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىپ بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈردۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قېيناتام ۋا-پات بولدى. مەن ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى باشقۇرۇشقا باشلىدىم، ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى مېنىڭ خىزمەتكارىم بولۇپ قالدى. سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئاقساقال قىلىۋالدى.

مەن بۇ شەھەردىكى كىشىلەرنىڭ ئاياللار ۋە كىچىك بالىلاردىن باشقىلارنىڭ ھەر ئايدا بەلگىلىك بىر ۋاقىتتا قانات چىقىرىپ ئاسمانغا ئۇچىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىگە مېنى ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلدىم. مەن

ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىدىم، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئاسماندا پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا:

— سۇبھانالللا، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ خۇدا! — دەپ دۇرۇت ئوقۇدۇم. دۇرۇتنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا، ئاسماندا ئۇشتۇمتۇت بىر ئوت پەيدا بولۇپ، بىزنى كۆيدۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇلارنىڭ ماڭا غەزىپى كېلىپ، مېنى بىر تاغنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

مەن تاغ ئۈستىدە نەگە بېرىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، بىردىنلا قولىدا ئالتۇن ھاسا تۇتقان ئىككى بالا پەيدا بولدى. مەن ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم. ئۇ بالىلار ماڭا بىر ئالتۇن ھاسا بېرىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئالتۇن ھاسىنى ئېلىپ تاغ ئۈستىدە كېتىۋاتسام، توساتتىنلا يىراقتىن يوغان بىر بوغما يىلان چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدا بېلىگىچە يۇتۇۋالغان بىر ئادەم تۇرۇپتۇ، ھېلىقى ئادەم قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋارقىراپ نالە قىلاتتى، مەن ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، تېزدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالتۇن ھاسا بىلەن يىلاننىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن يىلان ھېلىقى ئادەمنى ئاغزىدىن ياندۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئادەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇ تاغدىكى جەبىر - جاپالاردا ماڭا ھەمراھ بولدى.

بىز تاغ ئۈستىدە كېتىۋاتساق، بىردىنلا بىر تۈپ ئادەم بىزگە قاراپ كەلدى، مېنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ ئۇچقان ئادەممۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇ ئادەم مې-نىڭدىن ئاغرىنىپ:

— سەن مېنىڭ يەلكەمدە تۇرۇپ خۇدانى مەدھىيە-لىگەنلىكىڭ ئۈچۈن، بىز خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قال-دۇق، — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم، ئۇ ماڭا يەلكەمدە تۇرۇپ خۇدانى ئېغىزغا ئالما ۋە مەدھىيىلىمە دېدى. مەن ماقۇل بولغاندىن كېيىن، مېنى كەلگەن چاغدىكىدەك يەلكىسىگە مىندۈرۈپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى.

بىر كۈنى خوتۇنۇم ماڭا:

— دادام بولسا تۈگەپ كەتتى، ئەڭ ياخشىسى بارلىق مال-مۈلكىمىزنى سېتىپ پۇل قىلىپ، ئۇرۇق-تۇغ-قانلىرىڭىزنىڭ قېشىغا كېتەيلى، بىزگە بۇ شەھەردە تۇرىۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دېدى. دەل شۇ چاغدا شەھەردىكى بىر قىسىم كىشىلەر سەپەرگە چىقماقچى بولۇشتى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقىش قارارىغا كەلدىم. سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ بەسرەگە ئامان-ئېسەن يېتىپ باردۇق ۋە خوتۇنۇم ئىككىمىز ئۇ يەردە تۇرماي، باشقا بىر كېمىنى كىرا قىلىپ باغدادقا قاي-تىپ باردۇق. ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنىلەر مېنىڭ

يەتتە قېتىملىق سەپەر جەريانىدا 27 يىل ۋاقتىمنىڭ سىرتتا ئۆتكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىشتى.

بۇ يەتتىنچى قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ئۆتكەنكى سەپەرلەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ۋە يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ئىدى.

ياشىنىپ قالغان دېڭىزچى سىندىبات تېنى ئاجىزلىشىپ قالغاچقا، ئەمدى سەپەرگە چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا، ھازىر ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق - شاراب ئىچىشىپ، ئۇ يەر - بۇ يەرنىڭ پاراڭىنى سېلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. بەزىدە تونۇش ياكى ناتونۇش كىشىلەرگە بۇ يەتتە قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ئۆمۈر خاتىرجەم خۇشال - خۇرام تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

## ئەلى ۋە قىز قۇل زۇمرەت

قەدىمكى زاماندا خۇراسان دېگەن جايدا مەجىد ئىسىملىك بىر سودىگەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن مال - دۇنياسى ۋە قۇللىرى بار ئىكەن، لېكىن يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، پەقەت پەرزەنت كۆرمەپتۇ. شۇ يىلى خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭغا ئەلى دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئەلى تېزلا چوڭ بولۇپ كېلىشكەن، قابىلىيەتلىك، ئەرلەرگە خاس ھەممە پەزىلەتكە ئىگە يىگىت بوپتۇ.

بۇ چاغدا، دادىسى مەجىدنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلىغا: كۆرگەنلا كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلما، ئەسكى ئادەملەرگە يېقىن يولىما، چوڭلارنى ھۆرمەت قىل، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، بەتخەجلىك قىلما، ھاراق ئىچمە، ھاراق ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، دەپ نەسىھەت قىپتۇ. مەجىد سۆزىنى تۈگىتىپلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئەلى دادىسىنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلماپتۇ. بىراق ئاشۇنداق بىر يىل ئۆتكەندىن

كېيىن، بەزى كەلسە ـ كەلمەس ئەرلەر ۋە بوزۇق خو-تۇنلار دائىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار كېلىپ ـ كېتىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بو-لۇۋاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە هاراق ئىچىپ، ئو-يۇن ـ تاماشا قىلىپ، بايلىقىنى هەدەپ بۇزۇپ چېچىپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بارلىق بايلىقلار تۈگەپ، گاڭسا ـ جىسا بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىدە يەيدىغان بىر نېمە قالمىغاچقا، ئۇ قورسىقى ئېچىپ قىينىلىپ كېتىپ، ئىچىدە: مەن نېمىشقا ئىلگىرىكى ئۆزۈم مېهمان قىلغانلارنى تېپىپ، ئۇلاردىن بىرەر ۋاخ تاماق سورىمايمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ. لېكىن ئۇياق ـ بۇياققا خېلى دوقۇرۇپ باققان بولسىمۇ هېچ نەتىجە چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغىسى قايناپ بازارغا بېرىپتۇ. قارىسا بىر توپ ئادەم بىر يەرگە ئولىشىۋېلىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقان ئىكەن.

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ قا-رىسا، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سېتىلىش ئالدىدا تۇرغان زۇمرەت ئىسىملىك بىر قىز قول تۇرۇپتۇ. هېلىقى قىزنىڭ قول هۆسن ـ جامالى كىشىلەرنى هەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە گۈزەل بولۇپ ئەلى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قول بېدىكى قىزنىڭ قول ئالدىغا كېلىپ يۇ-

قىرى ئاۋازدا:

— ھەي سودىگەرلەر، بايلار! ئاراڭلاردا قىز قول سېتىۋالىدىغانلار بارمۇ؟ قېنى باھا قويۇپ بېقىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سودىگەرلەر بەس- بەس بىلەن بۇ قىزغا باھا قويۇشۇپتۇ. باھا يۈز تىللا، ئىككى يۈز تىللا، بەش يۈز تىللاغا چىقىپتۇ. رەشىدىن دېگەن كۆك كۆز، كۆرۈمسىز بىر قېرى مىڭ تىللا دەپ ۋارقىراپتۇ. لې- كىن قىزنىڭ قول خوجايىنى باھا قانچە يۇقىرى بول- سىمۇ، زۇمرەتنىڭ ئۆزى ماقۇل كۆرگەن ئادەمدىن باش- قىغا ساتماسلىقىقا ۋەدە قىلغانىكەن.

زۇمرەت رەشىدنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئۇنى ياراتماي:

— مەن بۇنداق سەت، پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىغا سېتىلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

بۇ چاغدا يەنە بىر سودىگەر مىڭ تىللا باھا قويۇپتۇ. زۇمرەت ھېلىقى سودىگەرنىڭ بىر كۆزى يوق يەكچەشمە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— مەن قانداقمۇ بىر كۆزلۈك يەكچەشمە ئادەمگە تېگەي! — دەپ ئۇنىماپتۇ.

زۇمرەت ئەتراپتىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، تەقى- تۇرقى كېلىشكەن ئەلىگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ قول بېدىككە:

— مېنى ئاشۇ يىگىتكە سېتىڭلار، — دەپتۇ.

— قۇل بېدىكى ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئۇ سېنى تاللىدى، سەن ئۇنى سېتىۋالغىن» دەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى تونۇشتۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

ئەلى كۈلۈپ كېتىپ: «مەن ھازىرغىچە ناشتىمۇ قىلالمىغان تۇرسام، قانداقمۇ بۇ قىز قۇلنى سېتىۋالا-لايمەن،» دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە.

قىز قۇل ئۇنىڭ بېشىنى سىلىپ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قۇل بېدىككە:

— مېنى ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە ساتمايسى-لەر، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— سودا ـ سېتىق دېگەن زورلۇق بىلەن بولمايدۇ، شۇڭا مىڭ تىللا باھا قويۇلۇۋاتسا، مەن قانداقمۇ ئالالاي-مەن، مەندە بىر تىيىنمۇ يوق، باشقا خېرىدار تاپ-قىن، — دەپتۇ ئەلى.

زۇمرەت ئەلىنىڭ يېنىدا پۇلى يوقلۇقىنى بىلىپ:

— مېنى سېتىۋالغاندەك يېتىلەپ مېڭىۋەر-گىن، — دەپتۇ.

زۇمرەت ئەلىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بوران ئۇچۇپ تۇرغان نامراتچىلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يېنىدىن تىللا چىقىرىپ، ئەلىگە بازارغا بېرىپ ئورۇن ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك رەخت،

زەر يىپ يېمەكلىك ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلى ئۇلارنى سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىسى بىللە تاماق يېگەچ پا-راڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، يېرىم كېچە بولغانسىلا ئاندىن يېتىشىپتۇ.

زۇمرەت رەڭگارەڭ يىپەك رەخت ۋە زەر يىپلاردىن بىر چىرايلىق نەپىس پەردە توقۇپ ئەلىگە بېرىپ:

بۇنى بازارغا ئاپىرىپ ئەللىك تىللاغا سات، ئۇنى ھەرگىز يولۇچىلارغا ساتماي، چوقۇم بىرەر سودىگەرگە ساتقىن، بولمىسا ئىككىمىز ئايرىلىپ، سەرسان بولۇپ كېتىمىز، — دەپتۇ.

ئەلى زۇمرەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پەردىنى سې-تىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زۇمرەت تاكى بىر يىلغىچە ھەر سەككىز كۈندە بىر پەردە ئىشلەپ ئەلى ئارقىلىق بازاردا سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىپتۇ. بىر كۈنى ئەلى ئۆز ئادىتى بويىچە پەردىنى بازارغا ئاپىرىشىغا خرىستىـ-ئان مۇرتىلىرىدىن بولغان بىر يولۇچى ئۇنىڭغا يۈز تىللا باھا قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى پەردىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىپتۇ ـ دە، پۇلنى ئېلىپلا ئالمان ـ تالمان ئۆيگە قايتىپتۇ. ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە ھېلىقى خرىستىئان مۇرتىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ:

— غوجام، ئۇسساپ كەتتىم، بىر پىيالە سۇ بەر-

سىڭىز، ــــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا سۇ ئاچىقىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم سۇنى ئىچىپ بولۇپ يەنىلا كەتمەي تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەلى ئۇنىڭغا:

ــــ يەنە نېمە ئىشىڭ بار، ئەمدى تېز يولۇڭغا ماڭمامسەن، ــــ دەپتۇ.

ــــ غوجام، ماڭا ئازراق يېگۈدەك نەرسە بەرسىڭىز ئىكەن، ئەگەر ئۆيىڭىزدە يېگۈدەك نەرسە بولمىسا، بۇ يۈز تىللانى ئېلىپ بازاردىن ئازراق نەرسە ئەكېلىپ بەرسىڭىز، ھېچبولمىغاندا بىرەر نان بولسىمۇ بولىدۇ، ــــ دەپتۇ خىرىستىئان مۇرتى.

ئەلى بازارغا بېرىپ قايماق، ھەسەل، بانان ۋە نان ئېلىپ كەپتۇ.

ــــ غوجام، ئىككىمىز بىللە يەيلى، دانالار: كىمكى مېھمان بىلەن بىللە تاماق يېمىسە شۇ ھارامدىن بولغان بولىدۇ دەپتىكەن، ــــ دەپتۇ خىرىستىئان مۇرتى. ئەلى نائىلاج ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى خىرىستىئان مۇرتى باناندىن بىرنى سويۇپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماستىن بىھوش قىلىدىغان دورىنى چېچىپ ئەلىگە بېرىپتۇ. ئەلى ئۇنى بىر چىشلەش بىلەنلا بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. خىرىستىئان مۇرتى دەرھال ئەلىنىڭ يېنىدىكى ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئاكىسىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئاكىسى دەل

ھېلىقى زۇمرەتنىڭ رەت قىلىشى ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان رەشىدىن ئىكەن. رەشىدىن غەيرىي دىن مۇرد-تى بولۇپ، زۇمرەتنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قاتتىق رەنجىگەنىكەن، شۇنداقلا بەرسۇم دېگەن ئىنىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ زۇمرەتنى تۇتۇپ كېلىشنى تاپشۇرغانىكەن.

رەشىدىننىڭ ئىنىسى بەرسۇم تولىمۇ ھىيلىگەر ئىپلاس ئادەم بولۇپ، يۇقىرىدىكى بارلىق ھىيلىنى شۇ ئويلاپ چىققانىكەن. شۇنىڭ بىلەن رەشىدىن ئادەم باشلاپ بېرىپ ئەلىنىڭ تۇرالغۇسىغا كىرىپ، زۇمرەتنى زورلۇق بىلەن ئۆيىگە بۇلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— سەن مېنى ياراتماي، مەسخىرە قىلغانىدىڭ، بۇ-گۇن بىر تىيىنمۇ خەجلىمەي سېنى قولغا چۈشۈردۈم. ئەگەر ماڭا بويسۇنمايدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن! — دېيىتۇ-دە، قول ئاستىدىكىلەرنى چا-قىرىپ زۇمرەتنى تاكى ھوشىدىن كەتكۈچە قامچە بىلەن ئۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا يېگۈدەك، ئىچكۈدەك ھېچنېمە بەرمەپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى قېرى يەنە ئۇنى سۆرەپ چىقىپ قامچىلاپ ئۇرۇپ قىيناپتۇ.

ئەمدى ئەلىگە كەلسەك، ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئۆزد-نىڭ ھېلىقى مەلئۇننىڭ قاپقىنىغا چۈشكەنلىكىنى چۈشىنىپ، قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا ۋارقىراپ

يىغلاپتۇ، شەھەر ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، ئۆزىنى قاتتىق كاچاتلاپ يول بويى زۇمرەتنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ تولا يۈگۈرۈپ ھېرىپ كېتىپ، بىر كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قوشنىسى بىر موماي بولۇپ، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل بىر ئايال ئىكەن، ئۇ ئەلىنىڭ ساراڭدەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئەلى خىرىستىئان مۇرتىي بىلەن بولغان ئىشنى مومايغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئەلىگە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، سەن بازاردىن ئاياللار تاقايدىغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ سېۋەتكە سېلىپ ماڭا بەرگىن. مەن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى سودىگىرى بولۇپ ياسىنىپ، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ خوتۇنۇڭنىڭ دېرىكىنى ئالاي، — دەپتۇ.

ئەلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىپتۇ. موماي باشقىچە ياسىنىپ، سۈرەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇئۆي ۋارقىراپ يۈرۈپ، ئاخىر رەشىدنىڭ تۇرالغۇسىغا كەپتۇ. تۇرالغۇدىن بىر دېدەك چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ، موماي دېدەكلەر بىلەن سودىلىشىپ، نەرسىلەرنى ئۇلارغا ئەرزان باھادا بېرىپتۇ، دېدەكلەر ئىنتايىن خۇش بولۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا

موماي بىرسىنىڭ بۇلۇڭدا ئېگراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، شۇ زامات بۇنىڭ ئۆزى ئىزدەۋاتقان كىشى ئىـ كەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇ دېدەكلەردىن سوراشتۇرغانـ كەن، دېدەكلەر ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ جەريانىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. موماي زۇمرەتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاستا ئۇـ نىڭغا:

— ئەتە كەچتە ئەلى سېنى قۇتقۇزغىلى كېلىدۇ، ئۇ ئىسقىرتىپ ساڭا بەلگە بېرىشى بىلەنلا سەنمۇ ئىسـ قىرتىپ جاۋاب قايتۇرغىن ـ دە، بىر ئارغامچىنى دېرىدـ زىدىن تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سىيرىلىپ پەسكە چۈشـ كىن، — دەپتۇ. زۇمرەت ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

موماي ئالدىراپ ـ تېنەپ قايتىپ كېلىپ، ئەلىگە ئەتە كەچتە رەشىدىننىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىسى ئاستىغا بېرىپ ئىسقىرتىشنى، ئىسقىرتقان ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زۇمرەتنىڭ دېرىزىدىن پەسكە ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەلى ھېلىقى تۇرالغۇغا ۋاقتىدا يېتىپ بېرىپتۇ، بىراق ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى بەك ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، دېرىزە تۈۋىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئوغرى ئەلىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ سەللىسىنى ئاستا ئېلىپ بېشىغا يۆگىۋاپتۇ. دەل شۇ

چاغدا زۇمرەت دىرىزە يېنىغا كېلىپ پەسكە قاراپ، سەللە يۆگىۋالغان ئوغرىنى ئۆزىنىڭ ئېرى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تۆۋەنگە قاراپ ئىسقىرتىپ قويۇپ ئارغامچىنى تاشلاپ پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ، زۇمرەتنىڭ قولىدا تىللا قاچىلانغان بىر كىچىك خالتا بار ئىكەن، ئوغرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ـ يۇ، كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا، تىللا قاچىلانغان خالتىنى ئېلىپ، زۇمرەتنى مۇرىسىگە ئارتىپلا يۈگۈرۈپتۇ، كېتىۋاتقاندا زۇمرەت ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپ بېقىپ، يۈزى پۈتۈنلەي ساقال بېسىپ كەتكەن باشقا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ ـ دە، چۆچۈپ كېتىپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن داڭلىق قاراقچى تاڭكورت بولىمەن، بىز جەمئىي قىرىق ئادەم، باشلىقىمىز ئەھمەد دەپنەپ. بۈگۈن كەچتە سەن بىلەن كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان بولدۇق... ھا...ھا...ھا، — دەپتۇ ھېلىقى ئوغرى.

ئەسلى تاڭگۇرت دىگەن بۇ ئوغرى شۇ كۈنى ئەتىگەندە باشلىقىغا:

— ھەي باشلىق، شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر غار بار، ئۇنىڭغا قىرىق ئادەم سىغىدۇ، مەن ئاۋۋال ئانامنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ ئاندىن شەھەرگە كىرىپ بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ كېلىپ سىلەرنى مېھمان

قىلىمەن، — دېگەنىكەن.

باشلىقى بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. تاڭكورت ئانىسىنى غارغا ئاپىرىپ قويۇپ، غاردىن چىقىشىغا بىر ئاتلىق ئەسكەرنى ئۈچرىتىپ قاپتۇ. ئۇ ھېلىقى ئاتلىق ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتى، قورال - جابدۇقى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى غارغا ئەكىرىپ، ئانىسىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ قويۇپ، ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ شەھەرگە يەيدىغان نەرسە تاپقىلى كىرگەنىكەن.

ئوغرى تاڭكورت زۇمرەتنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇچقاندەك غارغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ:

— ئۇنىڭغا ئوبدان قاراپ تۇرغىن! مەن ئەتە ئەتىگەندە قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. زۇمرەت ئىچىدە مەن چوقۇم مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچمىسام بولمايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاڭكورتنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئانا، غارنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئاپتاپقا قاقلانمامدۇق، — دەپتۇ.

موماي ماقۇل دەپتۇ - دە، ئىككىسى غارنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ: ئاپتاپتا زۇمرەت مومايىنىڭ بېشىنى بېقىپ ئولتۇرۇپتۇ، بىركەمدىن كېيىن موماي ئۇخلاپ قاپتۇ. زۇمرەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپتۇ، ئۇ شەھەرگە قايتىشتىن ۋاز كېچىپ، چۆل - جەزىرىگە قاراپ

مېڭىپتۇ. يولدا قورسىقى ئاچسا گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى يەپتۇ، ئۇسسىسا يامغۇرنىڭ توختام سۈيىنى ئىچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئون كېچە ـ كۈندۈز مېڭىپتۇ.

ئون بىرىنچى كۈنى ئۇ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرگە يېقىن كېلىپ قارىسا، شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ۋە ئەسكەرلەر يىغىلىپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇ ئىچىدە قارىغاندا، بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە بارلىق ئەسكەرلەر يەرگە باش قويۇپ:

— شاھ ئالىيلىرى ياشىسۇن! خۇدا سىلىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — دەپ توۋلىشىپتۇ.

بۇ چاغدا ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، سىلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكلىرى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ زور بەختى. سىلى دۇنيانىڭ شاھى، دەۋرنىڭ ھۆكۈمرانى! دېيىشىپتۇ.

زۇمرەت بۇ شەھەردە نېمە ئىش بولغاندۇ دەپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا باش ۋەزىردەك بىرى ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئالىيلىرى، سىلىگە مەلۇم بولغاي، بىزنىڭ بۇ ئەلدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر قائىدە ـ يوسۇنىمىز بار: شاھ قازا تاپسا، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئوغلى بولمىسا، پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلەر

ئۈچ كۈن شەھەردىن چىقىپ مۈشۈك يەردە تۇرىمىز، بۇ چاغدا مۈشۈك يول بىلەن تۇنجى كەلگەن ئادەمنى پادىشاھ قىلىمىز. بۈگۈن ھەممىگە قادىر ئاللا شەپقەت قىلىپ، سىلىنى بىزگە شاھ قىلىپ ئەۋەتىپتۇ، — دەپتۇ.

زۇمرەت پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەل تىنچ ـ ئىناق ئۆتۈپتۇ، ئۇ خەلقنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە دۇرۇس، ئادىل پادىشاھ دېگەن نامنى ئاپتۇ.

لېكىن كېچىلەردە زۇمرەت ئېرى ئەلىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزگەن گۈزەل كۈنلەرنى ئەسلەپ، ئىختىيار- سىز كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلايدىكەن. ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. ئېرىدىن ھېچ خەۋەر ئالالماي، ئىنتايىن بىئارام بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ خان سارىيى ئالدىغا بىر چوڭ مەيدان ياساشنى بۇيرۇپتۇ، مەيدان پۈتكەندىن كې- يىن، مەيدانغا يوغان بىر چېدىر تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى تىزغۇزۇپ، بارلىق ۋەزىرلەرنى ئۆزى بىلەن ھەمدەستىخان بولۇشقا بۇيرۇپتۇ. تاماق ئا- رىلىقىدا:

— مەن ھەر ئاينىڭ بېشىدا سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ كۈنى دۇكانلار ئې- چىلمىسۇن، پۈتۈن شەھەر خەلقى بۇ يەرگە كېلىپ ھەقسىز تاماق يېسۇن، كىمكى بۇنىڭغا قارشىلىق

قىلسا، دارغا ئېسىلسۇن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھەر ئاينىڭ بېشىدا چوڭ زىياپەت تەييارلىنىدىغان بوپتۇ، ھەر قېتىمقى زىياپەتكە پادىشاھ ئۆزى قاتنىشىدىكەن. كىشىلەر پادىشاھنىڭ داستىخىنىدىكى مەززىلىك تائام-لارنى يەپ، شارابلارنى ئىچىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قايتىشىدىكەن.

زۇمرەت مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەلنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشنى ئويلاپتۇ. بۇ نۆۋەت ئاينىڭ بېشى يەنە يېتىپ كېلىپ، مەيداندىكى چېدىردا ئاۋۋالقىدەكلا زىياپەت تەي-يارلىنىپتۇ، زۇمرەت ئۆزى بىۋاستە زىياپەت ئۈستىدە تۇرۇپ، تاماق يەۋاتقانلارغا نەزەر سېپتۇ، ئۇ بىرلا قاراپ، ئېرىدىن پەردە سېتىۋالغان خرىستىئان مۆرىتى بەر-سۇمنى تونۇپ قېلىپ، شۇ زامان ئەسكەرلەرگە:

ئاۋۇ تاتلىق شويلىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالغان ئادەم-نى كۆردىڭلارمۇ؟ ئۇنى تاماق يېگۈزمەي مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ئەسكەرلەر بەرسۇمنى زۇمرەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. كىشىلەر ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم ئەلى، ماشىنىچىلىق قىلىمەن، بۇ يەرگە ئوقەت قىلغىلى كەلگەن، — دەپ يالغان ئېيت-تىپتۇ بەرسۇم.

زۇمرەت خىزمەتچىلىرىگە رەڭ تاختىسى بىلەن مىس قەلەم ئەكەلدۈرۈپتۇ ئاندىن مىس قەلەم بىلەن رەڭ تاختىسىنىڭ ئۈستىگە نېرى ـ بېرى سىزىپ، بىردىنلا مايمۇننىڭ بېشىنى سىزىپ چىقىپتۇ ـ دە، بەرسۇمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سەن خىرىستىئان مۇرىتى بەرسۇم ئەمەسمۇ؟ سەن بۇ يەرگە سۇيىقەست بىلەن كەپسەن، تېزدىن راستىڭنى ئېيت، بولمىسا هازىرلا بويىنىڭنى ئۈزۈپ جېنىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. بەرسۇم قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇنىڭغا ئىقرار بولۇپتۇ. كىشىلەر پادىشاھنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

زۇمرەت بەرسۇمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر، ئۇ قىلغان گۇناهى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازاغا مەهكۇم، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر هەممىسى هېلىقى تاتلىق شويلىنى تالاشقانلىقىنىڭ كاساپىتى دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەر ئىلگىرى بەرسۇم ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرمايدىغان، تاتلىق شويلىنىمۇ يېمەيدىغان بولۇشۇپتۇ.

يەنە بىر ئاينىڭ بېشى كەلگەندە، مەيداندىكى چېدىردا يەنە بۇرۇنقىدەكلا داستىخان تەييارلىنىپتۇ. زۇمرەت ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ كەلگەنلەرگە دىققەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەر تاماقتا كىرىشكەندە، زۇمرەت كىشىلەر

ئارىسىدىن ھېلىقى ئوغرى تاڭكورتنى تونۇپ قاپتۇ. ئەسلى ئۇ ئوغرى شۇ كۈنى ئۇزۇن ئۆتمەي غارغا قايتىپ كېلىپ قارىسا، زۇمرەت يوق تۇرغىدەك، شۇنىڭ بىلەن ئانىسىدىن سورىسا ئانىسى ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— بۇ بۇزۇق خوتۇننى چوقۇم تاپماي قويمايمەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ زۇمرەتنى ئىزدەپ نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ، ئاخىر بۇ شەھەرگە كەلگەنىكەن. ئۇ بۇ مەيدانغا كېلىپ قارىسا، نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەردە تاماق يېيىشىۋاتقۇدەك پەقەت تاتلىق شويلا قويۇلغان يەردىلا بوش ئورۇن بولغاچقا، ئۇ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ھېلىقى شويلىنى ئالدىغا تارتىپ يېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، پادىشاھ ئەسكەرلەرگە:

— دەرھال بېرىپ ئاۋۇ ئادەمنى تاماق يېگۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەسكەرلەر تاڭكورتنى زۇمرەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. زۇمرەت ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ نېمە ئىش قىلىسەن؟ بىزنىڭ بۇ شەھەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم ئوسمان، كەسپىم گۈلچى، بۇ يەرگە يوقىتىپ قويغان نەرسەمنى ئىزدەپ كەلگەن، — دەپتۇ ئۇ.

زۇمرەت يەنە ئاۋۋالقىدەكلا رەم تاختىسى بىلەن مىس

قەلەمنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى، بۇنى سىزىپ، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

—ھەي ھىيلىگەر، سەن شاھقا يالغان ئېيتىشقا قانداق پېتىندىڭ! سېنىڭ ئىسمىڭ ئەسلىدە تاڭكورت، سەن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلايدىغان، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان چوڭ ئوغرى، ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە تېخى راستىڭنى ئېيتمايسىنا؟ پەخەس بول، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئوغرى زۇمرەتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، رەڭگى ئۆچۈپ، ئىچىدە، بەلكىم راستىمنى ئېيتسام قۇتۇلۇپ قالارمەن دەپ ئويلاپ، ھەممىنى ئىقرار قىپتۇ. زۇمرەت ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

يەنە بىر ئاينىڭ بېشى كەلگەندە، مەيداندىكى چې-دىردا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا داستىخان تەييارلىنىپتۇ. زۇمرەت يەنە ئۆز ئورنىدا تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ھەركىتىگە سەپ-سېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرەيلەن مەيداندىكى چېدىرغا كى-رىپ، ھېلىقى تاتلىق شويلا قويۇلغان شىرە ئالدىدا بوش ئورۇن بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇرۇپ تاماققا كىرىشىپتۇ. زۇمرەت سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ رەشىد ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: مەن كىشىلەرگە زىياپەت بېرىپ ئاجايىپ ئوبدان ئىش قى-لىپتىمەن، ئاخىر سېنىمۇ قولۇمغا چۈشۈرىدىغان

بولدۇم، — دەپتۇ.

زۇمرەت ئەسكەرلىرىگە ھېلىقى تاتلىق شويلا يەۋاتقان ئەبلەخنى ئالدىغا ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە، نېمە ئىش قىلىسەن، بۇ شەھەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم رۇستەم، — جاۋاب بېرىپتۇ رەشىدىن، — كەسىپ - ھۈنىرىم يوق، مەن بىر نامراتمەن.

زۇمرەت يەنە رەم تاختىسى بىلەن مىس قەلەمنى ئەكەلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى سىزىپ، بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي ئىپلاس! پادىشاھقا يالغان ئېيتىشقا قانداق پېتىندىڭ! سېنىڭ ئىسمىڭ رەشىدىن، مەخسۇس مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئالدامچىلىق بىلەن بۇلايدىغان شۇملۇق بىلەن شۇغۇللىنىسەن، سەن كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان، ئەمەلىيەتتە بولسا بىر كاپىرسەن، سەن راستىڭنى ئېيت، بولمىسا كاللاڭنى يانجىۋېتىمەن، — دەپتۇ.

راشىدىن نائىلاج ئىقرار قىپتۇ. زۇمرەت ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇشنى، ئاندىن كېيىن بەش ئاتقا سۆرىتىپ پارچىلاپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. جازا ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، زۇمرەت ئوردىغا قايتىپ ئۆز - ئۆزىگە:

— ئاللاتائالانىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلغان دۈش-

مەنلىرىمنى يوقىتىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەنـ
لىكىگە شۈكرى، — دەپتۇ.

لېكىن ئۇ بۈگۈنگىچە ئېرى بىلەن جەم بولالمىـ
غانلىقىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئاپتۇ.

زۇمرەت بىر ئاي ئىچىدە كۈندۈزى پەرمانلار بېرىپ،
دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلسا، ئاخشىمى مەشۇـ
قىنى ئويلاپ، هېچ ئۇخلىيالماپتۇ.

يەنە ئايىنىڭ بېشى كېلىپ، زۇمرەت ئاۋۋالـقىـدەك
مەيداندىكى چېدىرغا داستىخان تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ، ئۇ
ئۆزىمۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئىككى كۆزىنى
چېدىرنىڭ كىرىش ئىشىكىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ.
بىردەمدىن كېيىن ئىشىكتىن بىرەيلەن كىرىپ كەپتۇ،
زۇمرەت ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈش بىلەنلا ئۇنىڭ ئۆزى
تەشنا بولۇپ كۈتكەن ئېرى ئەلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ
قېلىپ، هاياجانلانغىنىدىن ۋاقىرىۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ.

ئەسلىي هېلىقى كۈنى ئەلى تاش ئۈستىدە ئۇخلاپ
قېلىپ زۇمرەتنى ئوغرى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئىنتايىن ئازابلىنىپ، تولا يىغلاپ هېچ هالى قالماپتۇ.
قوشنىسى موماي ئۇنىڭغا:

— سەن بۇنداق يىغلاش بىلەن مەشۇقىڭنى تاپالـ
مايسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئامال قىلىپ باشقا جايلارغا
بېرىپ ئىزدىگىن، — دەپتۇ.

ئۇ تاغمۇ ـ تاغلاردىن ئېشىپ، سانسىزلىغان جە-
بىر ـ جاپالارنى چېكىپ، ئاخىر بۇ شەھەرگە كەلگەن
ئىكەن، ئۇ چېدىرغا كىرىپ تاتلىق شويلا قويۇلغان
داستىخاندا ئولتۇرۇپ تائامغا قول ئۇزىتىشىغا، يېنىدىكى
ئادەم ئۇنىڭغا بۇ تائامنى يېمەسلىكنى، بىرمۇنچە كى-
شىلەرنىڭ ئۇنى يەپ قويۇپ جېنىدىن ئايرىلغانلىقىنى
ئېيتىپتۇ.

— جېنىمدىن ئايرىلسام ئايرىلارمەن، يامىنى كەلسە
ئۆلۈم مېنى بۇ ئازابلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرار، — دەپلا
ھېلىقى تائامدىن ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپتۇ ئەلى.

زۇمرەت خىزمەتچىسىگە:

— ئاۋۇ تاتلىق شويلا يەۋاتقان كىشىنى ئالدىمغا
تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتچى ئەلىنى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن:

— ئىسمىڭ نېمە، نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىسەن، بۇ شەھەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ
مېھرىبانلىق بىلەن زۇمرەت.

زۇمرەت ئەرەنچە ياسىنىۋالغان بولغاچقا، ئەلى ئۇنى
دىمال تونۇيالماپتۇ.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ ئىسمىم ئەلى، مەن بۇ يەرگە
يوقىتىپ قويغان بىر قىز قۇلنى ئىزدەپ كەلگەن، ئۇ
مېنىڭ قەدىردان خوتۇنۇم ئىدى، — دەپلا ھۆركىرەپ

يىغلاپ كېتىپتۇ. زۇمرەت رەم تاختىسى بىلەن مىس قەلەمنى ئەكەلدۈرۈپ، بىرنېمىلەرنى سىزىپ، ئاندىن ئە- لىگە:

— سەن راست گەپ قىلدىڭ، ئاللاتائالا سىلەرنى چوقۇم كۆرۈشتۈرىدۇ، — دەپتۇ.

زۇمرەت ئۇزاقتىن تەشنا بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىپ قېلىشىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەن ئىكەن. لېكىن ئۇ ئىچىدە، هازىرچە ئۆزۈمنى ئاشكارىلىماي، ئۇنى سىناپ باقمايمەنمۇ دەپ ئويلاپ ئۇ- نىڭغا:

— بۇ يەردىكى توخۇ گۆشى ۋە باشقا تائاملارنى يې- گىن! ئىچىملىكلەردىن ئىچكىن! بۇ سالامەتلىكىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈڭ ئۈچۈن پايدىلىق. قورساقنى تويـ- غۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ يې- نىغا كېلىپ بەدەنلىرىمنى ئۇۋۇلاپ قوي، — دەپتۇ.

ئەلى ئۇنىڭ يوتىلىرى ۋە پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، زۇمرەت كۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— هەي غوجام، مۇشۇ چاغقىچە مېنى تونۇمايۋاتامـ- سەن؟ مەن سېنىڭ قۇل قىزىڭ زۇمرەتقۇ! — دەپتۇ.

ئەلى پادىشاهنىڭ راستىنلا ئۆزىنىڭ خوتۇنى زۇمرەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خۇشاللىقىدا هەممىنى ئۇنتۇپ،

ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپتۇ.

ئەتىسى زۇمرەت ئوردىدىكى ئەمەلدارلارغا:

— مەن يىراق سەپەرگە چىقماقچىمەن. مەن يوق چاغدا ئەلنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن كېڭىشىپ بىرەيلەننى سايلاپ چىقىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

زۇمرەت بىلەن ئەلى بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يول بويى تاغ داۋانلار ئېشىپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاخىر ئەلىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئىككىسى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كېيىن زۇمرەت ئەلگە بىرنەچچە ئوغۇل، قىز تۇغۇپ بېرىپتۇ، ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈپتۇ.

## غەنىم بىلەن قۇتۇلقۇلۇپ

قەدىمكى زاماندا ئايۇپ ئىسىملىك بىر باي سودىگەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ غەنىم ئىسىملىك بىر ئوغلى، پىتنە ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭدىن ئوغۇل بىلەن قىزىغا نۇرغۇن مال - دۇنيا مىراس قاپتۇ.

باي سودىگەر ئايۇپنىڭ بالىلىرىغا قالغان مىراسى ئىچىدە يۈز تۆگىلىك يىپەك رەخت، تاۋار - دۇردۇن ۋە ئىپار قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى ئايۇپ باغدادقا ئاپىرىپ سېتىشقا تەييارلاپ قويغان ماللار ئىكەن.

خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، غەنىم بۇ ماللارنى باغدادقا ساتقىلى ئاپىرىپتۇ. ئۇ چاغدا باغدادنىڭ خەلىپىسى هارۇن رەشىد ئىكەن. غەنىم باغدادتا ماللىرىنى ساقلاش ئۈچۈن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئاپتۇ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى ئارقىلىق ماللىرىنى تېزلا پاك - پاكىز سېتىپ بولۇپ، نۇرغۇن پايدا ئاپتۇ. كېيىن باغدادقا بىرقانچە قېتىم مال ئەكېلىپ سېتىپمۇ ناهايىتى ئوبدان پايدا ئاپتۇ.

يېڭى يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى غەنىم ئادەتتىكىدەك

بازارغا ماللىرىنى ساتقىلى بارسا، بازار قوۋۇقى تاقاقلىق تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرگەن غەنىم باشقىلاردىن بۇنىڭ سەۋە-بىنى سۈرۈشتۈرسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا بىر سودىگەر تۇگەپ كېتىپ، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نامى-زىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ غەنىممۇ سودىگەرلەر بىلەن بىللە تۇپراق بېشىغا چىقىپتۇ. مې-يىت كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاخۇنۇملار قىرائەت قىپتۇ. كىشىلەر كەچ كىرگىچە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

غەنىم ئىچىدە، مەن ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر مۇ-ساپىر، ناۋادا بۇ يەردە كەچلەپ قالسام، ماللىرىمنى ۋە ئۇلاغلىرىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتسە قانداق قىلارمەن دەپ ئويلاپ، بارغانسېرى ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ ـ دە، ئاخىر ئۆزرە ئېيتىپ شەھەرگە قايتىپتۇ. بۇ چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قالغاچقا، شەھەر قوۋۇقى تاقىلىپ بولغان ئىكەن، ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدىكەن يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى ۋە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋ-لاشلىرىدىن باشقا، ئەتراپ ئۇن ـ تىنسىز ئىكەن، شۇڭا ئۇ قورقۇپ بىرەر پاناھ جاي ئىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە ئاخىر تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان بىر گۇمبەزنى بايقاپ-تۇ. گۇمبەزنىڭ يېنىدا بىر تۇپ خورما دەرىخى بار بو-لۇپ، ئىشىك ئوچۇق ئىكەن.ئۇ گۇمبەز ئىچىگە كىرىپ ئۇخلىماقچى بوپتۇ، لېكىن ئەتراپى قەبرە بىلەن تولغان

بۇ دالىدا سىر بېسىپ زادى ئۇخلىيالماپتۇ. بۇ چاغدا يىراقتا غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئاستا ـ ئاستا گۇمبەز تەرەپكە قاراپ يېقىنلىشىپتۇ. غەنىم قورقۇپ كېتىپ ئىشكنى تاقاپ قويۇپ، خورما دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.

ھېلىقى چىراغ يورۇقى يېقىنلاپ كەلگەندە غەنىم سىنچىلاپ قارىسا، ئۇلار ئۈچ قۇل بولۇپ، ئىككىسى بىر ساندۇقنى كۆتۈرۈۋالغان، بىرى چىراغ ۋە كەتمەن كۆتۈ-رۈۋالغان ئىكەن. ساندۇق كۆتۈرۈۋالغان كاپۇر دېگەن قۇل گۇمبەز ئالدىغا كەلگەندە يەنە بىر قۇلغا:

— ئەي ساۋاپ! كەچلىك تامىقىمىز مۇشۇ يەردە بولغان ئەمەسمۇ، شۇ چاغدا بىز ئىشىكنى ئېچىپ قوي-غانتىققۇ؟ — دەپتۇ.

— راست دېيسەن، — دەپتۇ ساۋاپ، — بىراق ئەمدى ئىشىك تاقىلىپ قاپتۇ، — دەپتۇ.

چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بەختى دېگەن قۇل: باغدادلىق غوجاملار سىرتقا بىرەر ئىش بىلەن چىقىپ كەچ قال-غاندا، بىزگە ئوخشاش زەڭگىلەر بۇلاپ كېتىمىسۇن، كاۋاپ قىلىپ يەۋەتمىسۇن دەپ ئىشىكنى تاقاپ بۇ گۇمبەزگە كىرىۋالىدۇ. ئىشەنمىسەڭلار گۇمبەزگە كىرىپ قاراپ بېقىڭلار. بىراق مېنىڭچە ئادەم بولغان ھالەتتىمۇ، يىراق-تىن چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ دەرەخكە چىقىۋېلىشىمۇ

مۇمكىن، — دەپتۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن ئىككى قۇل تامدىن ئارتىلىپ چۇشۇپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ۋە بەختى چىراغ بىلەن بىر سېۋەت ھاكىنى كۆتۈرۈپ گۇمبەزگە كىرىپتۇ ۋە چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— ھازىر يېرىم كېچە بولدى، بىز ھېرىپ چارچاپ كەتتۇق، ساندۇقنى كۆمگىدەك مادارىمىز قالمىدى. شۇڭا بىرنەچچە سائەت ھاردۇقىمىزنى ئېلىپ ئىشنى تۈگىتىپ شەھەرگە قايتايلى، بىراق ھازىر ھەربىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئاختا قىلىنىش جەريانىنى سۆزلىسەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىمىز، — دەپتۇ.

بۇنىڭغا باشقىلارمۇ ماقۇل بوپتۇ، ئالدى بىلەن چىراغ كۆتۈرگەن قۇل بەختى ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپتۇ:

— مەن بەش ياش ۋاقتىمدا، قۇل بېدىكى مېنى بىر لەشكەر بېشىغا ساتتى، ئۇ لەشكەر بېشىنىڭ ئۈچ ياشلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئىككىمىز بىللە ئويناپ چوڭ بولدۇق، مەن 12 ياشقا كىرگەندە، قىز 10 ياشقا كىردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزنىڭ ئانىسى قىزنى بىر ساتىراشقا نىكاھ قىلدۇرۇپ بەردى. ئۇلار مېنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز تۇتۇپ ئاختا قىلىپ، قىزغا خىزمەتچى قىلىپ قوشۇپ

ساتىراشنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆ-
تۈپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ۋە قىزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى
كەينى ـ كەينىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن مەن يەنە
ئوردىغا سېتىلدىم. مېنىڭ ئاختا قىلىنىشىمنىڭ سە-
ۋەبى مانا مۇشۇ.

ئاندىن ئىككىنچى قۇل كاپۇر ئۆزىنىڭ سەرگۈزەش-
تىسىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن سەككىز ياش ۋاقتىمدا قۇل بېدىكىنىڭ
قولىدا ئىدىم، شۇ چاغدا مەن قۇل بېدىكىنىڭ خوتۇنىنى
يىلدا بىر قېتىم ئالداپ، زىيان تارتقۇزاتتىم، شۇنىڭ
بىلەن قۇل بېدىكى مەندىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ،
مېنى بىر سودىگەرگە سېتىۋەتتى ھەمدە مېنىڭ ئەيە-
بىمنى ئۇنىڭغا دەپ قويدى.

مەن سودىگەرنىڭ ئۆيىدە يېڭى يىلغىچە بىر يىلدەك
تۇردۇم. شۇ يىلى زىرائەتلەرمۇ ئوخشىغان ياخشى يىل
بولدى. شۇ چاغدا بايلار نۆۋەت بىلەن مەشرەپ ئوينىشىپ،
مول ھوسۇلنى قۇتلۇقلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى
زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. بىر كۈنى زى-
ياپەت بېرىش نۆۋىتى خوجايىنىمغا كەلدى. ئۇ زىياپەتنى
ئۆزىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قورۇقىدا بەرمەكچى بولدى.
دوست ـ بۇرادەرلىرى ئۇ يەرگە يىغىلىشتى، چۈش مەز-
گىلىدە خوجايىنىم مېنى ئايالىنىڭ يېنىغا مەلۇم بىر

نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

مەن ماقۇل بولۇپ ماڭدىم، ئۆيگە ئاز قالغاندا، بىر قىزىقچىلىق قىلىش ئويىغا كېلىپ، داد ـ پەرياد ئوقۇپ يىغلىدىم، بۇنى كۆرگەن خوجايىنىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى مەندىن نېمە ئىش بولدى دەپ سورىدى.

— خوجايىن ۋە دوستلىرى كونا لاپاسنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇراتتى، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، — تۇيۇقسىز لاپاس ئۆرۈلۈپ، ھەممىسى لاپاس ئاستىدا قالدى.

خوجايىنىمنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئۆيدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى چاققىلى تۇردى، مەنمۇ ئۇلارغا ياردەملەشتىم، چېقىلىدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى چاقتۇق. بۇ چاغدا خوجايىنىمنىڭ ئايالى بىلەن بالىلىرى:

— كاپۇر! بىزنى خوجايىن ئۆلگەن جايغا تېزرەك باشلاپ ئاپار، — دېدى ماڭا.

بۇ خەۋەر تېزلا پۈتۈن شەھەرگە تارالدى. ئۇلار:

— بۇ ئىشنى ھاكىم جانابلىرىغا ئۇقتۇرۇپ قويايلى! — دېيىشتى.

ھاكىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ شەھەر سىرتىغا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇلاردىن بۇرۇن قورۇققا يېتىپ باردىم، خوجايىن يىغلاپ

كېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

— سىز دېگەن نەرسىنى ئالغىلى شەھەرگە قايتىپ ئىشىك ئالدىغا بېرىشىمغا، — دېدىم مەن خوجايىنىمغا، — چوڭ ئۆيىنىڭ ئۈستى گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ خوتۇن، بالىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بېسىۋاپتۇ، قوتانلارمۇ ئۆرۈلۈپ قويلار، توخۇ ـ ئۆردەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىۋاپتۇ. بىرەرسىمۇ تىرىك قالماي، ھەممىسى ئۆلۈپتۇ.

خوجايىن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا كۆزلىرى، قاراڭغۇلىشىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ، ساقاللىرىنى يۇلۇپ:

— مۇنداقمۇ كېلىشمەسلىك بولامدۇ! — دەپ داد ـ پەرياد ئوقۇدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى ۋە خوجايىنىمغا ئەگىشىپ قورۇقتىن چىقىشتى. بۇ چاغدا يىراقتىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، يىغا ـ زار ساداسى ئاڭلاندى، ھاكىم بىر توپ ئادەمنى باشلاپ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا مېڭىپ كېلىۋېتىپتۇ. خوجايىنىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن يىغا ـ زار سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. خوجايىن خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆلارنىڭ ساپساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يىغىسى كۈلكىگە ئايلىنىپ كەتتى ھەم ئۇلاردىن:

— ئۆيدە نېمە ئىش بولدى؟ سىلەر قانداق بالا ـ قازاغا يولۇقتۇڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بالىلىرىمۇ خوجايىنىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— خۇداغا شۈكرى ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپسىز، سىز ۋە دوستلىرىڭىز بالا ـ قازادىن قانداق قۇتۇلدىڭلار؟ — دەپ سوراشتى.

ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىلىرى ئۆيدە ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى، قۇل كاپۇر ئالاقزادە بولۇپ كېلىپ، خوجايىن بىلەن دوستلىرىنىڭ ھەممىسىنى لەمپە بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، خوجايىن:

— ئۇ ھېلىلا بۇ يەرگە قاتتىق يىغلاپ تۇرۇپ، سىز بىلەن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى تام بېسىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ بۇ يەرگە كەلدىغۇ! — دېدى.

خوجايىن ماڭا قاراپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ئەي ئەبلەخ قۇل، بۇ نېمە قىلغىنىڭ! مەن يۈلۈنۈڭنى ئۈزۈپ، تېرەڭنى سويۇپ، گۆشۈڭنى پارە ـ پارە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام، توختاپتۇر، — دېدى.

— سىلى مېنى سېتىۋالغاندا يالغانچىلىق قىلىدىغان ئەيىبىمنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىلىغۇ، — دېدىم مەن

ئۇنىڭغا،— بۇ قىتىمقىسى پەقەت شۇنىڭ يېرىمى.

بىز بۇ گەپلەرنى دېيىشىۋاتقاندا ھاكىم ۋە باشقىلار خوجايىنىمنىڭ يېنىغا كېلىشتى. خوجايىن ئەھۋالنى ئۇ-لارغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇلار بۇ يالغانچىلىق بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ دەپ، مېنى تىللاشتى، ئە-يىبلەشتى.

خوجايىن ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، ئۆيدىكى نەرسە-كېرەكلەرنىڭ كۇكۇم-تالقان بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆ-رۈپ، تېرىكىپ:

— سەن تېخى بۇلارنى يالغانچىلىقنىڭ يېرىمى دەيسەن، پۈتۈن بىرى بولسا بىر-ئىككى شەھەرنى ۋەي-ران قىلماقچىمىدىڭ ئەبلەخ،— دەپ تىللىدى ھەمدە دەرغەزەپ بىلەن مېنى ھاكىمنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ھاكىم دەرە ئۇرغۇزۇپ ھوشۇمدىن كەتكۈزۈۋەت-كەندىن كېيىن، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېنى ئاختا قىلدۇرۇۋەتتى. كېيىن خوجايىن مېنى بازارغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا سېتىۋەتتى. بىراق مەن نەگىلا بارماي، يەنىلا داۋاملىق يالغانچىلىق قىلىپ، باشقىلارنى ئەخمەق قىلىپ، خوجايىنىمغا ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردۇم. كېيىن ئوردىغا سېتىۋېتىلدىم.

كاپۇر سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بەختى بىلەن كاپۇر ئۇچىنچى قۇلغا:

— ئەمدى سۆزلەش نۆۋىتى ساڭا كەلدى، بۇرا-دەر! — دەپتۇ.

— سىلەرنىڭ ھېكايەڭلار مېنىڭكىدەك قىزىقارلىق ئەمەسكەن، — دەپتۇ ئۈچىنچى قول، — مەن سىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ پىچىۋېتىلىشكە تېگىشلىك، چۈنكى مەن ئايال خوجايىن بىلەن... بىراق ھازىر ھېكايە ئېيىتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئەمدى تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، شۇڭا بىز بۇ ساندۇقنى تېزدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەيلى، بىرەرسى كۆرۈپ قالسا، كاللىمىز كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇلار ساندۇقنى گۈمبەزگە كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ، ئاندىن ئورا كولاپ، ساندۇقنى كۆمۈۋېتىپ، گۈمبەز ئىچىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن غەنىم ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ، دەرەختىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، كۆمۈلگەن يەرنى قايتىدىن كولاپتۇ، ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىھوشلاندۇرۇلغان ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ئۈستۈېشى قىممەت باھالىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزەلگەن ھالەتتە سۇس نەپەس ئېلىپ ھوشسىز ياتقۇدەك. غەنىم ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى قۇتقۇزماقچى بوپتۇ ـ دە، ئۇنى ساندۇقتىن يۆلەپ چىقىرىپ يەرگە ياتقۇزۇپتۇ. قىز ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ،

سالقىن شامالدا، كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە چۆشكۈر-
گەن ئىكەن، ئاغزىدىن بىر پارچە ھوشسىزلاندۇرۇش دو-
رىسى چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى
ئېچىپ ئەتراپىقا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ قەبرىستانلىقتا
ياتقانلىقىنى بايقاپ، ئالاقزادا بولۇپ:

ــ مېنى ئادەتتىكى ئادەممۇ كىرەلمەيدىغان چوڭ
سارايدىن ئادەمزات يوق بۇ گۆرىستانلىققا كىم ئېلىپ
كەلدى؟ ــ دەپتۇ.

ــ مېنىڭ ئىسمىم غەنىم، ــ دەپتۇ غەنىم ئۇنىڭ-
غا، ــ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى خۇدا مېنى سىزنى
قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتتى. ئاندىن ئۇ ئۆزى كۆرگەن ئەھۋالنى
بۇ قىزغا سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن زادى نېمە ئىش
يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ:

ــ ئەمدى سىز مېنى يەنە شۇ ساندۇققا سېلىپ
بىرەر قېچىرغا ئارتىپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىڭ ــ دەپتۇ قىز
ئۇنىڭغا، ــ شۇ چاغدا مەن ھەممە ئەھۋالنى سىزگە
سۆزلەپ بېرىمەن.

غەنىم قېچىر يېتىلەپ كېتىپ بارغان بىر كىرا-
كەشنى تېپىپ كېلىپ، ساندۇقنى قېچىرغا ئارتىپ
ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ئىچىدە بۇ قىز جەزمەن بىرەر
باي ئائىلىنىڭ قىزى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. ئۆيىگە يې-
تىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ قىزنى ساندۇقتىن چىقىرىپتۇ.

قىز ساندۇقتىن چىققاندىن كېيىن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، بۇ ئۆينىڭ مۇھىتى گۈزەل، جاھازلىرى ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىنى، تاي-تاي ماللارنىڭ قاتار تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ بىر كاتتا باينىڭ تۇرالغۇسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ، ئاندىن غەنىمگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ياش، كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ-دە:

— ئەي خوجايىن، ئۆيىڭىزدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمىدۇ، — دەپتۇ.

غەنىم دەرھال بازارغا بېرىپ بىرمۇنچە يېمەكلىك ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئىككىسى كەچ كىرگۈچە تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. غەنىممۇ بۇ گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە قىزنىڭ ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم سوراپتۇ.

— مەن خەلىپىنىڭ ئامراق توقال خانىشى ئىدىم، — دەپتۇ قىز ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ كېلىپ، مېنىڭ ئىسمىم قۇتۇلقۇلۇپ. خەلىپە مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئوردىدا تەربىيىلىگەن، يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ھۆسن-جامالىممۇ گۈزەللىشىپ، خەلىپە مېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدى، بىر كۈنى، خەلىپە سىرتقا سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە، خانىش

زۆبەيدە يېنىمدىكى كېنىزەكنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «خوجايىنىنىڭ قۇتۇلقۇلۇپ ئۇخلاپ قالغاندا بۇ بىھوش قىلىش دورىسىنى چېيىغا سېلىپ ئىچۈرۈۋەتسەڭ، كېيىن ساڭا نۇرغۇن ئىنئام بېرىمەن» دەپتۇ. ئۇ كېنىزەك خانىشنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، بىھوش قىلىش دورىسىنى چايغا سېلىپ ماڭا بېرىپتۇ، مەن بىلمىگەچكە ئۇنى ئىچىۋېتىپتىمەن ۋە شۇ زامان بېشىم قېيىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. ھېلىقى كېنىزەك مېنى ساندۇققا سېلىپتۇ ـ دە، خانىش زۆبەيدەنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۈچ قۇلنى چاقىرىپ، مېنى كېچىدە شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى سىزمۇ كۆرۈپسىز، بەختىمگە يارىشا سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قاپسىز، ئەمدى مەن خەلىپە مېنىڭ يوقلۇقىمنى بىلىپ نېمىلەرنى قىلغۇاتقاندۇ دەپ ئەنسىرەيمەن. ھازىر سىز مېنىڭ سالامەتلىكىمنى ۋە ئورنىمنى بىلمىگۈدەك، شۇڭا سىزدىن بۇ سىرنى ھەرگىز باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

غەنىم قۇتۇلقۇلۇپنىڭ خەلىپىنىڭ ئامراق توقال خانىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، خەلىپىدىن قورقۇپ، قۇتۇلقۇلۇپنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەپتۇ. بۇ مۇھەببەتكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا بولغان كۈچلۈك ئىشقى ـ

پىراقتىن باغرى كۆيۈپ ئازابلىنىپ يىغلاپتۇ.

بۇ چاغدا، قۇتۇلقۇلۇپمۇ ئۆزىنىڭ غەنىمگە بولغان مۇھەببىتىنى باسالماي، غەنىمنى باغرىغا بېسىپ، قاتتىق سۆيۈپتۇ. غەنىم خەلپىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپتۇ.

غەنىم ئاۋۋالقىدەكلا بازارغا بېرىپ ئوقىتىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، قۇتۇلقۇلۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاۋاتقان ئىكەن. ئۇ غەنىمنى كۆرۈپلا دەرھال كۇلۇپ تۇرۇپ:

— مەن ئەمدى سىزدىن ئايرىلمايمەن، مەن سىز بىلەن مەڭگۇ بىلەن بولىمەن، دەپتۇ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس. شىرىنىڭ ئالدىدا بۆرە قاتچىلىك نىمىتى، خوجايىنىغا مەنسۇپ بولغانغا قول يېقىنلىشالمايدۇ ـ دە! — دەپتۇ.

ئەمدى ئوردىغا كەلسەك، خانىش زۇبەيدە قۇتۇلقۇلۇپنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، ساندۇققا سېلىپ شەھەر سىرتىغا ئاچىقتۇرۇپ كۆمگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ئەنسىزچىلىكتە قاپتۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدە خەلپە قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا نىمە دەرمەن دەپ ئويلاپتۇ. بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان

بىر قېرى بوۋىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئىچىدىكى سىرنى ئېيتىپتۇ.

قېرى بوۋاي زۇبەيدەنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، ئۇ-نىڭغا:

— بىر ياغاچ ئادەم ئويدۇرۇپ، كېپەن كىيدۈرۈپ كۆمگۈزۈڭ، ئاندىن قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا شام ياقتۇ-رۇڭ ـ دە، ئوردىدىكىلەر ماتەم كىيىمى كىيسۇن، كې-نىزەكلەر ۋە خىزمەتچىلەر قايغۇرۇپ ماتەم تۇتسۇن، خەلىپە كەلگەندە كېنىزەكلەر قۇتۇلقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتتى دەپ يىغلاشسۇن. خەلىپە ئېھتىمال خانىش كۈندەشلىك قىلىپ قۇتۇلقۇلۇپنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىشى ۋە جەسەتنى ئېچىپ تەكشۈرۈشنى بۇي-رۇشى مۇمكىن، بۇ چاغدا سىز تەمتىرەپ كەتمەڭ، خە-لىپە مۇردىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېپەننى ئاچ-ماقچى بولسا، ئۇنى ئاچقۇزماي، «شەرىئەتتە ئايال مۇردى-نىڭ كېپىنىنى ئېچىش هارام» دەپ تۇرۇۋېلىڭ. بۇ چاغدا ئۇ قۇتۇلقۇلۇپ راست ئۆلۈپتۇ دەپ ئىشىنىدۇ ـ دە، سىز قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلىسىز، — دەپتۇ.

خانىش زۇبەيدە قېرى بوۋىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ بولىدىغان چارىكەن دەپ، شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئوردىدا ھەممەيلەن قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن-لىكىنى بىلىپ بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي خەلىپە سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ ـ دە، قۇتۇلقۇلۇپ بىلەن بالدۇرراق كۆرۈشۈشكە ئالدىراپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىش بىلەنلا خانىش، كېنىزەك ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ماتەم كىيىمى كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز يۈرىكى جىغ قىلىپ قاپتۇ. كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا قۇتۇلقۇلۇپنىڭ بەختىسىز قازا تاپقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلىپە بىردىنلا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سەپەر ئۈستىدىكى كىيىملىرىنىمۇ ئالماشتۇرمايلا قۇتۇلقۇلۇپنىڭ قەبرىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ قەبرىنىڭ ئەتراپىغا گىلەملەر سېلىنغانلىقى ۋە شاملار ياندۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ، ئەمما قۇتۇلقۇلۇپنىڭ راستلا ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ بۇيرۇق بىلەن قەبرىنى ئاچقۇزۇپ، جەسەتنى ئالدۇرۇپتۇ. ئۇ جەسەت ئۈستىدىكى قاتمۇقات كېپەننى كۆرۈپ، ئاچقۇزماقچى بوپتۇ ـ يۇ، يەنە خۇدادىن قورقۇپ، بىردەم دېلىغۇل بولغان ھالدا ئاخىر جەسەتنى يەنە ئۆز جايىغا قويغۇزۇپتۇ ۋە ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ قۇتۇلقۇلۇپنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قۇرئان ئوقۇتۇپتۇ. ئۆزى قەبرە ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىپتۇ ۋە بىر ئايغىچە قەبرە ئالدىدىن نېرى كەتمەپتۇ.

بىر كۈنى بامدادتىن كېيىن، خەلىپە ئارام ئالغىلى

ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ئىككى كېنىزەك كۈتىدىكەن. ئۇلار خەلىپىنى ئۇخلاپ قالدى، دەپ ئويلاپ پاراڭغا چۈشۈپ:

— خان ئالىيلىرىنىڭ بولغان ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق بولغاچقا، كۆڭلەرنى قەبرە يېنىدا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بىراق قەبرىدە ياغاچ ئادەمدىن باشقا ھېچنېمە يوق تۇرسا، قۇتۇلقۇلۇپ تېخى ھايات ئىكەن، ئۇ ھازىر غەنىم دېگەن بىر ياش سودىگەرنىڭ ئۆيىدە ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىللە تۇرۇۋاتقىنىغا تۆت ئاي بوپتۇ. بىراق ئالىيلىرى تېخىچە كۆن بويى قۇرۇق قەبرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېيىشىپتۇ.

خەلىپە ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، دەرھال جەپەر ۋەزىرنى چاقىرتىپ:

— سەن ھازىرلا ئادەم باشلاپ بېرىپ، غەنىمنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، قۇتۇلقۇلۇپنى ئېلىپ كەل. مەن غەنىمنى قاتتىق جازالىماي قويمايمەن، — دەپتۇ.

جەپەر بۇيرۇققا بىنائەن دەرھال ئادەم باشلاپ غەنىمنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ چاغدا غەنىم قۇتۇلقۇلۇپ بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقانىكەن. قۇتۇلقۇلۇپ ۋەزىر جەپەرنىڭ ئادەم باشلاپ كېلىپ ئۆينى قورشىۋالغانلىقىنى سېزىپ، ئەھۋالنى چۈ-

شىنىپ ۋە غەنىمگە:

— قەدىرلىكىم، دەرھال قېچىپ، ئۆزىڭىزنى قۇتقۇ-زۇڭ، — دەپتۇ.

— ئۆيىنى قاتمۇقات قورشىۋالغان تۇرسا، قانداقمۇ چىقىپ كېتەلەيمەن؟ — دەپتۇ غەنىم.

قۇتۇلقۇلۇپ غەنىمنى ھامالدەك ياساندۇرۇپ قاچۇ-رۇۋېتىپتۇ.

ۋەزىر جەپەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرسە، قۇتۇلقۇلۇپ ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇزىننەتلىرى ۋە باشقا قىممەتلىك ئۇنچە - مەرۋايىتلىرىنى ساندۇققا قاچىلاۋاتقان ئىكەن. ئۇ جەپەرنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— تەڭرى بۇيرۇغان ئىشتىن خالى بولغىلى بول-مىغىدەك، — دەپتۇ.

— مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە غە-نىمنى تۇتقىلى كەلدىم، — دەپتۇ جەپەر.

— ئۇ، سودا ئىشى بىلەن دەمەشىققە كەتكەن، — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ، — بۇ ساندۇقنى ئوردىغا بىللە ئېلىپ كەتمەكچىمەن.

شۇنىڭ بىلەن، جەپەر كىشىلەرگە ساندۇقنى كۆ-تۈرگۈزۈپ، قۇتۇلقۇلۇپنى باشلاپ ئوردىغا قايتىپ بې-رىپتۇ. خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ يەنە دەمەشىق ئەمىرىگە يارلىق

چۇشۇرۇپ، غەنىمنى قولغا ئېلىپ، دەرھال ئوردىغا يەتكۈ-
زۈپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەمىر يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان-
دىن كېيىن، دەرھال غەنىمنى قولغا ئېلىشقا ئادەم ئە-
ۋەتىپتۇ. ئۇلار غەنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ غەنىمنى تۇ-
تالماي، غەنىمنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى پىتنەنى
تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
بېرىپتۇ. ئەمىر ئۇلاردىن غەنىمنىڭ دېرىكىنى سوراپتۇ.

— غەنىمنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە بىر
يىلدىن ئاشتى، — دەپتۇ ئانا - بالا ئىككىيلەن، — بىز
ئۇنىڭ ھېچ دېرىكىنى ئالالمىدۇق، قارىغاندا بۇ دۇنيادا
يوق ئوخشايدۇ.

— ئەمىر ئۇلاردىن گەپ ئالالماي، ئۇلارنى قويۇپ
بېرىپتۇ. ئانا - بالا ئىككىيلەن قويۇپ بېرىلگەن بولسى-
مۇ، ئۆيىگە قايتالماي، كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ،
تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەمدى غەنىمگە كەلسەك، ئۇ بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ
قالغاندىن كېيىن، ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۇ-
رۇپ، قاتتىق ئازاب چېكىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر كىچىك
شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ - دە، بىر مەسچىتكە كىرىپ،
ھېرىپ - چارچاپ ھېچ ھالى قالمىغانلىقتىن، يېتىپ
ئۇخلاپ قاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، مەسچىتكە نامازغا كەلگەنلەر
ئاچ - يالىڭاچ ياتقان ئۇ مۇساپىرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا

كىيىم ـ كېچەك بېرىپتۇ، ھەسەل ۋە نانلار بىلەن ئۆزد-
ىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىد-
ىنىپ:

ئەي مۇساپىر، نەدىن كەلدىڭ، نېمە ئادەمسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— غەنىم ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ
يىغلاپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ غەنىم كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن
بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ تېنى بارغانسېرى ئاجىز-
لىشىپ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن جامائەت
مەسلىھەتلىشىپ ئۇنى باغدادتىكى تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا
ئاپىرىپ داۋالاتماقچى بولۇشۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا غەنىمد-
ىنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ تىلەمچىلىك قىلىپ
يۈرۈپ، غەنىم تۇرغان مەسچىت ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ.
غەنىم ئۇلارغا بىر توقاچ بېرىپتۇ. سەرگەردانلىق تۇر-
مۇشى ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە قىياپىتىنى ئۆزگەرتد-
ۋەتكەنلىكتىن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇيالماي قاپتۇ.
كەچتە ئانا ـ بالا ئىككىيلەن غەنىمنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، كىشىلەر باغدادقا بېرىپ تېۋىپقا
كۆرسەتسە، كېسىلى شىپا تېپىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە،
بىر تۆگىنى كىرا قىلىپ، تۆگىچىگە غەنىمنى باغدادقا
ئاپىرىپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ. بۇ چاغدا غەنىمنىڭ ئانىسى

بىلەن سىڭلىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بۇ ئىشلارغا بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، بۇ ئادەم غەنىمگە ئەجەب ئوخشايدىكەن! دېيىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئانا ـ بالا ئىككىيلەن يول بويى تىلەمچىلىك قىلىپ باغدادقا يې-تىپ بېرىپتۇ.

تۆگىچى غەنىمنى باغدادتىكى بىر شىپاخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇ-نىڭ جۇل ـ جۇل كىيىم كىيگەن، رەڭگىروھى ساماندەك سارغايغان كېسەلمەن ھالىتىنى كۆرۈپ، شىپاخانىغا ئېلىپ كىرمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا بىر مويسىپىت ئادەم كېلىپ:

ئۇنى شىپاخانىغا ئەكىرمەڭلار، بۇ ھالدا شىپاخانىغا كىرسە، ئۇنى شۇ كۈنىلا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، يېنىدىكى چاكىرىغا غەنىمنى ئۆيىگە ئاپارغۇزۇپ، خوتۇنىغا ئۇنىڭغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپتۇ. غەنىم موي-سىپىتنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن چىرايى ئوڭشىلىپ خېلى ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى قۇتۇلقۇلۇپنى ئەسلەپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىپتۇ.

خەلىپە قۇتۇلقۇلۇپنى قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويغاندىن كېيىن، قۇتۇلقۇلۇپ ئىچىدىكى ئازابنى ئېيتىشقا ئى-لاجسىز قاپتۇ. بىر كۈنى خەلىپە ھېلىقى ئۆيىنىڭ يېنىدىن

ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ئەي قەدىرلىكىم غەنىم! سەن نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن پاك ـ پەزىلەتلىك ـ هە! سەن ئۆزۈڭـ گە يامانلىق قىلغۇچىغا ياخشىلىق قىلدىڭ؛ سېنى دەپـ سەندە قىلغۇچىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغدىدىڭ. سەن ئۇنىڭ خوتۇنىنى قوغدىغان ئىدىڭ، ئەمما ئۇ يولسىزلىق بىلەن ساڭا ۋە سېنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە هاـ قارەت قىلدى، دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئادەم ئەۋەتىپ قۇتۇلقۇلۇپنى ئالدىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا:

— ئەي قۇتۇلقۇلۇپ، سەن مېنى ياخشىلىق قىلغان كىشىگە يامانلىق قىلدى دېدىڭ، ئۇ زادىم كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— غەنىم! — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ، — ئەي خەلىپەم ئۇ ماڭا هاقارەت كەلتۇرمىدى، ماڭا چېقىلمىدى.

— قۇتۇلقۇلۇپ، نېمە تەلىپىڭ بار، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈي، — دەپتۇ خەلىپە.

— مەن غەنىمگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ، — ئەگەر ئۇنى تاپسام، مېنى ئۇنىڭغا تارتۇق قىلارسىزمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنى تېپىپ كەلسەڭ، مەن سېنى ئۇنىڭغا تارـ تۇق قىلاي، — دەپتۇ خەلىپە.

قۇتۇلقۇلۇپ خەلىپە بىلەن خوشلىشىپ ئوردىدىن چىقىپ، ئۇنچە ـ مەرۋايىت بازىرىغا كېلىپ، سودىگەر-لەرنىڭ ئاقساقىلىنى تېپىپتۇ ـ دە، مۇساپىرلارغا سەدىقە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپتۇ. بۇ ئاقساقال دەل غەنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى مويسىپىت ئىكەن. ئۇ قۇتۇلقۇلۇپقا:

— قىزىم، مېنىڭ ئۆيۈمدە ئىنتايىن مۇلايىم، كې-لىشكەن، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان بىر مۇساپىر يىگىت بار، ئۇنى كۆرۈپ باقامسىز؟ — دەپتۇ.

قۇتۇلقۇلۇپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كارىۋاتتا ياتقان يىگىتكە سىنچىلاپ قارىغان ئىكەن، ئۇ غەنىمگە ئوخشايدىغاندەك قىپتۇ. غەنىم ئۇزاق كېسەل ئازابىدىن رەڭگىروھى ساماندەك سارغايغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولغاچقا، قۇتۇلقۇلۇپ ئۇنى ياخشى تونۇيالماپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە بازارغا ئىزدىگىلى چىقىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن بىر ئايال ۋە ئۇنىڭ قىزى شەھىرىمىزگە كەپتۇ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋەيران، چىرايى سۇنۇق، روھى چۈشكۈن ئىكەن، مەن ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ كەلسەم، ئۇلار يەنە كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى پاناھىڭىزغا ئالسىڭىز —

قانداق، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، — ئۇلارنى بىر كۆرۈپ باقاي.

ھېلىقى مويسىپىت ئانا ـ بالا ئىككىسىنى باشلاپ كەپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ، ھېسداشلىق قىلغاندا ھالدا:

— بۇلار چوقۇم بىر پۇلدار ئائىلىنىڭ ئادىمى دەپتۇ.

بۇ ئانا ـ بالا ئىككىيلەنمۇ بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ، مال ـ مۈلكى تالان ـ تاراج قىلىنغان ئوخشايدۇ، شۇڭا خانىۋەيران بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ، — دەپتۇ ھېلىقى مويسىپىت ئادەم.

ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

— ياراتقان ئىگەم بىزنى غەنىم بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشتۈرگەي، — دەپتۇ ھېلىقى ئايال.

قۇتۇلقۇلۇپ شۇئان ئۇنىڭ غەنىمنىڭ ئانىسى، ئۇ قىزنىڭ غەنىمنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ـ دە، بوۋايغا ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. بوۋاينىڭ خوتۇنى ئۇ ئىككىسىنى سەراپقا چۈشۈرۈپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. ئۇلار يۇيۇنۇپ يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن ئىكەن، چىرايى ئېچىلىپ، روھلىنىپ باشقىچىلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ.

ئۇچىنچى كۈنى قۇتۇلقۇلۇپ يەنە بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، غەنىمنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— ھېلىقى يىگىتنىڭ كېسىلى قانداق بولۇپ قالدى؟ كۆرۈپ باقايلى! — دەپتۇ.

ئۇلار غەنىمنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ ئارانلا نەپەس ئېلىپ يېتىپتۇ. ئۇ بىرسىنىڭ قۇتۇلقۇلۇپ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك قىلىپ، بەدىنىنىڭ شۇنچە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي:

— قۇتۇلقۇلۇپ، سىز نەدە؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قۇتۇلقۇلۇپ ئالدىدا ياتقان كىشىنىڭ غەنىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ:

— بۇ سىزمىدىڭىز، سۆيۈملۈكۈم غەنىم! — دەپ توۋلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غەنىمگە ئۆزىنىڭ خەلىپە بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— مەن خەلىپىگە راستىنى ئېيتتىم، خەلىپە ماڭا ئىشەندى، ئەمدى ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ۋە مېنى سىزگە تارتۇق قىلماقچى، — دەپتۇ.

غەنىم بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ. قۇتۇلقۇلۇپ ئۇلارغا ھازىرچە ئاقسااالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار دەپ، ئۆزى ئوردىغا قايتىپ، خەلىپىگە غەنىمنى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى تاپقانلىقىنى

مەلۇم قىپتۇ.

قۇتۇلقۇلۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، غەنىمگە:

— خەلىپە ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىر-تىدىغان بولدى، سىز خەلىپىنىڭ ئالدىدا سالماق بولۇپ، داسلىق بىلەن ئورۇنلۇق سۆزلەڭ، زېرەك، پەم- پاراسەتلىك بولۇڭ، خەلىپىنىڭ مۇلازىملىرىغا كۆپرەك ئىنئام بېرىڭ، — دەپتۇ.

جەپەر ۋەزىر غەنىمنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىپتۇ. خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىدا ۋەزىر- ۋۇزرالار، سەر-دار- لەشكەر بېشىلار، خانزادە- بەگزادىلەر ۋە باشقا ئوردا ئاقساقاللىرى، مۇلازىملار ھەيۋەتلىك سەپ تارتىپ تۇرغان ئىكەن، غەنىم بۇلاردىن قىلچە ھودۇقماي، خەلىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. خەلىپە غەنىمنىڭ بى-لىملىكلىكى ۋە يېقىملىق سۆزلىرىدىن خۇش بوپتۇ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىنى بىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ياقتۇرۇپ قاپتۇ- دە، دەرھال ئۇستىدىكى تونىنى سېلىپ ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ ھەم ئۇنىڭغا:

— مېنى ئەپۇ قىلغىن! — دەپتۇ.

— قۇللىرى ۋە قۇللىرىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتى خوجىسىغا مەنسۇپ، — دەپتۇ غەنىم.

خەلىپە ئىنتايىن خۇش بولۇپ، تەييار بىر سارايىنى

غەنىمگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. غەنىم ئانىسى بىلەن سىڭ-لىسىنىمۇ شۇ سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. خەلىپە غەنىم-نىڭ سىڭلىسى پىتنەنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ، غەنىم ئۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ.

خەلىپە قازى ۋە گۇۋاھچىلارنى چاقىرتىپ، ئىككى پارچە نىكاھ مەكتۇپى يازدۇرۇپ، پىتنەنى خەلىپە ئۆزىگە، قۇتۇلقۇلۇپنى غەنىمگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ توي بوپتۇ. ئەتىسى خەلىپە كېيىنكى ئەۋلاد-لارنىڭ تەقدىرىنى كىشىنى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرگە يولۇقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىشى ئۈچۈن، غەنىم بىلەن قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ھېكايىسىنى يېزىپ تارىخ بېتىگە كىرگۈزۈشكە بۇيرۇپتۇ.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

«مىڭ بىر كېچە» دىكى ھېكايىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىنتايىن كەڭ، ئۇ ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگە چېتىلىدۇ، تۇرۇپلا باغدادتا، تۇرۇپلا مىسىردا يۈز بېرىدۇ؛ ۋەقەلىك تۇرۇپلا شەرقتە، تۇرۇپلا غەربتە يۈز بېرىدۇ؛ بەزىدە بىزنىڭ جۇڭگودىمۇ يۈز بېرىدۇ. ۋەقەلىكى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مول ۋە خىلمۇخىل، يەنى جەڭ ھېكايىلىرى، تارىخ ھېكايىلىرى، مۇھەببەت ھېكايىلىرى، تەۋەككۈلچىلىك ھېكايىلىرى، مەشھۇر كىشىلەر ھېكايىلىرى بار؛ كىشىلىك تۇرمۇش ھېكايىلىرى بار، ئەپسانە، خىيالىي دۇنيا ھېكايىلىرىمۇ بار. ئۇسلۇبى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە پات ـ پاتلا مەسەل، ھېكمەتلىك سۆز، چۆچەك، تەمسىللەر ئۇچراپ تۇرىدۇ، بەزىدە قىسقا شېئىرلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. پېرسوناژلار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۈرلۈك دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى بار، يۇقىرىسى خان ـ پادىشاھ، لەشكەر بېشى، ۋەزىرلەر ۋە ئۆلىما ـ نازىنىنلار، تۆۋىنى سودىگەر، راھىب، دوختۇر، ئاشپەز، كىيىم تىككۈچى،

موزدوز، بېلىقچى، دېھقان، ھاممال، ئەسكەر، ساتىراش، بوياقچى، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، بالا ماڭاي، ئەر ـ ئايال چاكار قاتارلىقلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھۆر پەرىلەر، جىن ـ شەيتان ۋە ئالۋاستىلارمۇ بار. مۇشۇنداق رەڭگارەڭ دۇنيادا، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئاسمانغا چىقىشنىڭ، يەرگە كىرىشنىڭ ئامالى بولغان، دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ئۈزۈشلۈق سەپەر قىلىشنىڭ، ئاسماننىڭ قەھرىدە پەرۋاز قىلىشنىڭمۇ چارىسى بولغان. ئۇ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق كىشىنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان ئاجايىپ بىر دۇنيا. بۇ ھېكايىلەر توپلىمىدا ھېكمەتلىك سۆز، تەمسىل، مەسەل، باللار چۆچەكلىرى بار؛ فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى پاش قىلىدىغان ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇلارغا قارشى كۆرىشىنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەر بار، ئەپسانە، رىۋايەت ۋە جىن ـ ئالۋاستىلار ھېكايىلىرى بار، نىكاھ، مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەر بار. سودىگەرلىك ۋە دېڭىز سەپىرى ھېكايىلىرى بار، دىنىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىلەر بار، شۇنداقلا قەدىمكى زامان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان ھېكايىلەرمۇ بار ۋە باشقىلار. قىسقىسى، «مىڭ بىر كېچە» خىلمۇخىل ۋە قەلىك ۋە خىلمۇخىل بەدىئىي ئۇسۇللار بىلەن ئوتتۇرا

ئەسىردىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-مۇشىدىكى مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلەرنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ خۇشاللىقى ۋە نەپرىتى، قايغۇ ۋە ھەسرىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىجەز - خۇلقى، ئۆرپ - ئادىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمە-نى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىن ۋە ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنى ئوتتۇرا ئە-سىردىكى ئەرەب ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ «قامۇسى» دې-يىشكە بولىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» دىكى ھېكايىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئاددىي رېئال تەسۋىرلەش بىلەن رومان-تىك خىيالنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى ۋە ساد-دا - ئاق كۆڭۈل پەزىلىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە بۇ ئە-سەرنىڭ خەلقچىللىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. «باغداد ئوغرىسى»، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، «ئالائىدىن ۋە ھېكمەتلىك چىراغ»، «بېلىق-چىنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىقلار يۇقىرىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇننى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«باغداد ئوغرىسى» ئىنتايىن كەڭ تارقالغان، ھەممە يەردە داڭقى بار ھېكايە، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى گەرچە «كۆچۈك» بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل ئادەم. ئۇ دانا پادىشاھنىڭ ۋەھشىي، ھىيلىگەر باش ۋەزىرنى قوغلاپ چىقىرىشقا ياردەم قىلىمەن دەپ باش ۋەزىرنىڭ سېھىرگەرلىكى بىلەن «كۆچۈك» كە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ لېكىن ئۇ ياۋۇز كۈچلەرگە تىز پۈكمەي، ھەممە خەۋپ ـ خەتەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئۇ ئاخىر ئۇچار گىلەمگە ئىگە بولۇپ، باش ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپ، پادىشاھ-نى قۇتۇلدۇرىدۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، ئۇنى باش ۋەزىر قىلماقچى بولىدۇ، ئۇ ئەمەلدار بولغىلى ئۇنىمايدۇ. پۈتۈن دۆلەت خۇشاللىققا چۆمۈپ، دانا پادىشاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇ خەلق ۋە پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ ھېكايە خەلق ئاممىسىنىڭ ياۋۇز كۈچلەرنى ئۆچ كۆر-دىغان ئومۇمىيۈزلۈك كەيپىياتىنى ۋە بىرەر دانا پادىشاھ-نىڭ ھەممەيلەننى بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ساددا ئىستىكىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈ-رۈپ بېرىدۇ. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى گەرچە «باغداد

ئوغرىسى» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى ئوغرى دەپ قارىمايدۇ؛ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ساپ، ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، زېرەك، باتۇر، زوراۋانلىقتىن قورقمايدىغان مىجەز ـ خا- راكتېرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، «ئالاۋۇ- دىن ۋە ھېكمەتلىك چىراغ»، «بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خەلق ئاممىسى مول تەسەۋۋۇرغا ۋە پۇت- مەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يورۇقلۇقتا، ھەققانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئالىيجاناب ۋە ئادىل ئادەملەر، ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىي- نەزەر، ھامان قاراڭغۇلۇق، ياۋۇزلۇققا ۋەكىللىك قىلى- دىغان جىن ـ ئالۋاستىلار، مۇشتۇمزورلار ئۈستىدىن غە- لىبە قىلىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە» دىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ- لاردىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا، ھاقارەت- لىنىشكە ئۇچرىغان جاپاكەش ئاۋام خەلق، لېكىن ئۇلارنىڭ

ھەربىرى پاك، ئاق كۆڭۈل، قەيسەر ھەم ھەققانىيەتچىل. بۇ يۇكسەك پەزىلەت، ساددا ئارزۇ ۋە يوللۇق ئىش قىلىندىغان ھەق ـ ناھەق ئۆلچەملىرى دەل ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى خەلق ئاممىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەر ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئىنتايىن زور رېزونانس پەيدا قىلىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە» دىكى بىرمۇنچە ھېكايىلەردە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدىكى قاراڭغۇلۇق ۋە بەختسىزلىكلەر، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ۋەھشىيلىكى ۋە جىنايەتلىرى ئۆتكۈر قەلەم بىلەن ئېچىپ تاشلىنىدۇ. بىرمۇنچە ھېكايىلەردە خەلىپە ۋە بيۇروكراتلار، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ئەزگەن جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىۋاستە پاش قىلىنغانلىرىمۇ، ۋاستىلىك پاش قىلىنغانلىرىمۇ بار. بۇ ھېكايىلەردە ئېزىلگۇچىلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپقا بولغان ئۆچمەنلىك كەيپىياتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، «بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى» دە، بېلىقچىنىڭ ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشى ئارقىلىق رېئال جەمئىيەتكە بولغان قارشىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «ئالائىدىن ۋە ھېكمەتلىك چىراغ» ۋە

«هامىمال بىلەن باغدادلىق ئۈچ چوكاننىڭ ھېكايىسى» دە بولسا، ئالۋاستىنى پاش قىلىش ئارقىلىق فېئودال مۇستەبىتلەرنىڭ زوراۋانلىقى دارىتمىلاپ قامچىلىنىدۇ.

«مىلىڭ بىر كېچە» دە يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈرەش روھى مەدھىيىلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ھېكايىلەر كۆپىنچە ھۆكۈمران سىنىپلارنى پاش قىلىدىغان مەزمۇنلار بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى»، «بىر ساندۇقتا بەش كىشى قاچىلىغان ئايال»، «بەختۇنىڭ ھېكايىسى»، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» قاتارلىقلاردا بۇ ھال ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن جانلىق، ھەقىقىي رەۋىشتە تەسۋىرلەنگەن.

«بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى» دە بېلىقچىنىڭ ئالۋاستىنى چەبدەسلىك بىلەن يەڭگەنلىكىنى يېزىش بىلەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈرەش قىلىش روھى مەدھىيىلەنگەن. «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دە ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل، پاراسەتلىك مۇجىنانىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇ خوجايىنى ئەلى بابانىڭ قىرىق قاراقچى بىلەن كۈرەش قىلىشىغا ياردەملىشىپ، قىرىق قاراقچىنى پەم ـ پاراسەت بىلەن ئۆلتۈرۈپ، كارامەت باتۇرلۇق ۋە پاراسەتنى ئىپادىلەيدۇ. «بىر ساندۇقتا بەش كىشى قاچىلىغان ئايال» دا بىر ئاددىي ئايالنىڭ

ھۆكۈمرانلار بىلەن قىلغان كۈرىشى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە يۇقىرى قاتلامدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەيش- ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ۋە ئىپلاس ۋىجدانى پاش ۋە مەسخىرە قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىر ئاددىي ئايالنىڭ پاك قەلبى، شۇنداقلا زوراۋانلىقتىن قورقماسلىق، زېرەكلىك بىلەن غەلىبە قىلىشتەك كۈرەش روھى مەدھىيىلىنىدۇ. «بەختۇنىڭ ھېكايىسى» دىكى بەختۇ ئەقىللىق، پاراسەت- لىك ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىغا ئىگە قۇلنىڭ ئوبرازى. ئۇ يالغانچىلىقنى قورال قىلىپ كۈرەش قى- لىپ، بايلارنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئەخمەق قىلىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە» دە يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ گۈ- زەل مۇھەببەتكە، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىشى ئىپادىلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە، ئاياللارنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان. «قۇرئان كەرىم» دە ئەرنى ياخشى كۆرگەنلىك خۇددى خۇدانى ياخشى كۆرگەنلىكتەك بولىدۇ، ئەرنى يامان كۆرگەنلىك خۇددى خۇدانى يامان كۆرگەنلىكتەك بولى- دۇ» دەپ ئاشكارا تەرغىب قىلىنغان. شۇ چاغدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن، ئەر- ئاياللار ئوت- تۇرىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە بەختلىك نىكاھنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەس ئىدى. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئىگە بولۇشى تېخىمۇ تەس ئىدى. شۇڭا

خەلق ئاممىسى مۇشۇ مۇھەببەت ھېكايىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن. ھېكايىلەر توپلىمىدىكى مۇھەببەت ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھزادە بىلەن مەلىكە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، قۇللار، ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئاقسۆڭەك، سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، ئادەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بار، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ھۆر ـ پەرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بار. مەسىلەن، «ياغاچ ئات»، «ئېلى نۇرىدىن بىلەن ئەنسۇلجەلىس ھېكايىسى»، «ھەسەن زەرگەر ھېكايىسى» قاتارلىقلارنىڭ يېزىلىشى ئىنتايىن تەسىرلىك، رومانتىزم تۈسىگە تولغان.

«ياغاچ ئات» تا بىر شاھزادە بىلەن مەلىكە ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت جەريانى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ھېكايە گەرچە ئەپسانە تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن. شاھزادە مەلىكىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، كۆرمىگىلىغان جەبىر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئۇنى ئىزدىگەن، مەلىكىمۇ شاھزادىگە ئاشىق بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۆزىنىڭ قەسىمىدە چىڭ تۇرغان، شۇنداقلا ئاخىرى ئۇلار بەختلىك ھالدا مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە

يېتىشكەن. بۇ ھېكايە خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇر-
مۇشقا، گۈزەل مۇھەببەتكە بولغان تەلپۈنۈشىنى تولۇق
ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «ئېلى نۇرىدىن بىلەن ئەنسۇلجەلىس
ھېكايىسى» دە كېنىزەك ئەنسۇلجەلىس بىلەن ۋەزىرنىڭ
ئوغلى ئېلى نۇرىدىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەس-
ۋىرلەنگەن. ھېكايىدە مەدھىيىلەنگەن بۇنداق كېلىپ
چىقىشى ئوخشاش بولمىغان يىگىت ـ قىزنىڭ ئېغىر
كۈنلەردە بىللە بولۇشتەك مۇھەببىتى روشەن فېئودال-
لىق ئەنئەنە ۋە دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا قارشى ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. «ھەسەن زەرگەر ھېكايىسى» دە ئادەم
بىلەن جىن قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلەن-
گەن. ھېكايىدە رېئال دۇنيا بىلەن خىيالىي دۇنيا گى-
رەلەشتۈرۈلۈپ، ئىنتايىن يېقىملىق، راۋان، جانلىق ھەم
تەسىرلىك يېزىلغان، ئەگرى ـ توقاي ئۇسۇللار بىلەن
رېئاللىق ئېچىپ تاشلانغان ھەم قامچىلانغان، نىكاھ
ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغان
ياشلار مەدھىيىلەنگەن.

«مىڭ بىر كېچە» دە يەنە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان
سودىگەرلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەرەب يېرىم ئارىلى قەدىمدىن تار-
تىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، چەت
بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق

بولغان. ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاشقى سودىسى ئىنتايىن جانلانغان. قول سانائەت ۋە سودىمۇ خېلى گۈللەنگەن. شۇ چاغلاردا بەزى سودىگەرلەر بېيىش ئۈچۈن، تۈرلۈك خېيىمخەتەرلەرگە قارىماي دېڭىز ئې-شىپ سودا قىلغان. بۇنداق سودىگەرچىلىك پائالىيىتى ئەرەب دۆلەتلىرى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان. مەسىلەن، «سىندىباتنىڭ دېڭىز سايا-ھىتى»، «ئېلى مىسىرى»، «جۇدەر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئا-كىسى ھەققىدە ھېكايە» قاتارلىقلاردا يۇقىرىدىكى ئىدى-يىۋى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن.

«مىڭ بىر كېچە» خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق داۋام قىلغان تارقىلىش جەريانىدا، دىنىي ساھەدىكىلەر ۋە ئە-دىبلەرنىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشى ئارقىسىدا، بىرمۇن-چە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئېڭى ۋە دىنىي كۆزقاراشلار ئارىلىشىپ كەتكەن.

«مىڭ بىر كېچە» ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئىسلام ئىمپېرىيىسى دەۋردە تارقالغان، شۇڭا ئۇ قويۇق ئىسلام دىنى تۈسىنى ئالغان، «ئاللا بىردىنبىر ياراتقۇچى ئىگەم»، «ھەممىدە ئاللانىڭ ھىممىتىگە تايىنىمەن»، «ئىلاجسىز قالغاندا ئۇلۇغ ئاللادىن مەدەت تىلەيمەن» دېگەنگە ئوخ-شاش سۆزلەر كىتابقا تولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدا ئىسلام

دىنىنىڭ تەقدىرچىلىك قارىشى تېخىمۇ گەۋدىلىك. شۇنداقلا خان، پادىشاھلارنى مەدھىيىلەش، بولۇپمۇ ھارۇن رەشىدنى مەدھىيىلەش ماگدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا يەنە كاتتا باي ـ سودىگەرلەرنىڭ «گۈزەل ئەخلاقى»، باي بولۇش «سىرى»، ئايالللارنى كەمسىتىش، قۇللارنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئوخشاش ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان.

بىرىنچىدىن، رومانتىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، مول تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە بىمەنىلەرچە مۇبا-لىغە قىلىپ تەسۋىرلەش «مىڭ بىر كېچە» نىڭ ئەڭ روشەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكىدۇر. يۇقىرى دەرىجىدىكى رومانتىزم ھەم ئۇنىڭ ئەپسانىۋى تۈس ئالغانلىقى جە-ھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، ھەم تەسەۋۋۇر ۋە خام خىيالنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. مول تەسەۋۋۇر ۋە دادىل قىلىنغان خىياللار بەدىئىي توقۇل-مىنىڭ رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغان. ئۇچار گىلەمنىڭ ئاسماندا ئەركىن لەيلەپ يۈرۈشى، مەخپىي سۆزنى دېيىش بىلەن تەڭ يوغان تاش ئىشىك-نىڭ ئۆزلىكىدىن ئېچىلىشى، بىر كېچىدىلا بىر ئور-دىنىڭ پەيدا بولۇشى — مانا بۇ شۇ زاماندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ھېكايىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان. غايەت

زور سۇمۇرغ تۇخۇمى، ئاجايىپ ماگنىت تاشلىق تاغ، يالتىراپ تۇرغان سېھىرلىك ئۈزۈك، ئارال كەبى يوغان بېلىق قاتارلىقلار ھېكايىدە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ قەدىمكى زاماندىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جىلۋىلىنىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل غايىگە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنى ئالدىن بىلگۈچى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاللانى بىردىنبىر ھەقىقىي ئىلاھ دەپ بىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئاخىرەتكە ۋە روھنىڭ يوقالماسلىقىغا ئىشىنىدۇ، بۇ ئالەمدىكى ئادەملەردىن ئاللاغا ئىشەنگەن ھەم ياخشىلىق قىلغانلار ئۆلگەندىن كېيىن «جەننەت» كە كىرىدۇ، بولمىسا «دوزاخ» قا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر دىن تارقىتىش ۋە جازا يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ئەرەب يېرىم ئارىلىنى تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بىرلىككە كەلگەن دۆلىتىنى قۇرغۇچى بولۇپ قالىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار «خەلىپە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ئاللانىڭ ئەلچىسىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. ئەرەب رايونى تەخمىنەن 8 ـ ئەسىردە فېئوداللىق جەمئىيەتكە كىرگەن. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنى توغرىسىغا ئاتلاپ ئۆتكەن بۈيۈك

ئەرەب ئىمپېرىيىسى بارلىققا كەلگەن. ئابباسىيلار سۇ-لالىسى دەۋرى(750 ـ 1258 ـ يىللار) گە كەلگەندە، ئىق-تىساد، مەدەنىيەتتە خېلى گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن، 1258 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن، ئابباسىيلار سۇلالىسى گۇمران بولغان، قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئەدەبىياتى ئەنە شۇن-داق مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋە دىنىي ھالەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان.

قەدىمكى زامان ئەرەب ئەدەبىياتى ئاساسەن خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى بولۇپ، شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىسلام دىنىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنى-شىگە ئەگىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كالامى «قۇرئان كە-رىم» دۇنياغا كەلگەن. «قۇرئان كەرىم» دە ئىسلام دىنى-نىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى، دىنىي قائىدىلىرى بايان قى-لىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ زاماندىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىمۇ كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شۇڭا، ئۇ ھەم ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ۋە قانۇنى، ھەم ئەرەب ئەدەبىيات تارىخىدىكى كاتتا نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئەرەب ئەدەبىياتىغا بىرقەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئابباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەرەب ئەدەبىياتى

مىسلىسىز گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. خېلى بىر مەزگىلگىچە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ تاشقى سودىسى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان، چەت ئەللەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدى ئىشلىرىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولغان. شۇڭا، ئەرەب مىللىتىگە خاس بولغان مەدەنىيەت باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇنداقلا يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائى قىسمىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان. دېمەك، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشى شۇ دەۋرىدىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ زور بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالغان. مۇشۇ مەزگىلدە، نۇرغۇن-لىغان مەشھۇر شائىرلار بارلىققا كېلىپ، خېلىلا تەسىرى بار نۇرغۇن شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان، نەسرىي ئەدەبىياتمۇ خېلى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى نەسرىي ئەسەرلەر تەرەققىياتىغا اھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ئەدەبىياتىمۇ گۈللەنگەن. شۇ چاغدا ئەرەب-لەرنىڭ بىر خىل خەلق سەنئىتى بولغان مەدداھلىق يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان. بىرمۇنچە كەسپىي مەدداھلار كوچىلاردا مەدداھلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى بەزىدە ئوردىغا چاقىرتىلىپ، خەلىپە قاتارلىق خان جەمەتىگە مەدداھلىق قىلىپ بەرگەن. بۇ ھال «مىڭ بىر كېچە» دە

تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىدا، ئېغىز ئە-جادىيىتىدىن تەرەققىي قىلغان خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ئىچىدە «مىڭ بىر كېچە» ئەڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈن دۇنياغا دېگۈدەك تارقالدى. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەر بۈ-گۈنكى كۈندىمۇ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي سېھرىي كۈچىـ-نى ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ئىزچىل ياقتۇرۇپ كەل-مەكتە، ئۇ دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر بولۇشقا مۇناسىپ.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

سىندىبات: مەشھۇر دېڭىزچى، كۆپ قېتىم دېڭىز سەپىرى قىلغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ دېڭىز سەپىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ جاپا، خېيىم-خەتەردىن قورقمايدىغان، پائال ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە ئادەم بولۇپ، ھەر قېتىم

يىراق سەپەرگە چىققاندا، نۇرغۇن خىيىمخەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقىغا تايىنىپ ئۇنى يەڭگەن. ئۇ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان سودىگەر ۋە دېڭىزچىنىڭ تىپى. ئۇنىڭدا ھەم قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەش روھى بار، ھەم باشقىلارنىڭ زىيىنى ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىش، پايدىنىلا كۆزلەش، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، چىرىكلىشىشتەك سودىگەرلەرگە خاس ناچار ئىللەتمۇ بار.

ئەلى بابا: كېلىپ چىقىشى نامرات، ھېچنېمىسى يوق ئوتۇنچى، ئىنتايىن يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل ئادەم. ئۇ ئوتۇن كېسىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، كۈتۈلمىگەن يەردىن قاراقچىلارنىڭ خەزىنىسىنى بايقاپ قېلىپ، زور بايلىققا ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدۇ. ئەلى بابا ئەقىللىق، زېرەك، رەزىللىككە ئىنتايىن ئۆچ بولغان ئايال قۇل مۇجىنانىڭ ياردىمى بىلەن قاراقچىلارنى يوقىتىدۇ.

ئالاۋىدىن: ئەسلى كىيىم تىككۈچىنىڭ ئوغلى، كېيىن پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولغان ئۇ ئاق كۆڭۈل بولۇپ، دائىم كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، ئاخىرى نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلغان ئافرىقىلىق ئاكا ـ ئۇكا جادۇگەرنى ئۆلتۈرىدۇ.

بىلىقچى: زېرەك، ئەقىللىق بولۇپ، ياۋۇز ئالۋاستىنى پەم ـ پاراسەت ۋە ئۇستىلىق بىلەن يېڭىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«مىڭ بىر كېچە» كۆلىمى كەڭ، مەزمۇنى مول بولغان خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى بولۇپ، يالغۇز ئەرەب ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىنىڭ دەسلەپ خەلق ئىچىدە تارقىلىشى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇقىملىشىشى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنى ئوقۇشتىن بۇرۇن، شۇ چاغدىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا قارىتا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز، نېمە ئۈچۈن شۇ دەۋردە مۇشۇنداق ئۇلۇغ ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھېكايىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى،

ئاساسەن ئۈچ تەرەپتىن كەلگەنلىكىنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇنى ئوقۇغاندا بەزى ھېكايىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە نىسبەتەن بىزدە گۇمان تۇغۇلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە بىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ۋە رايونلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى چۈشىنىمىزگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

«مىڭ بىر كېچە» — خەلق چۆچەكلىرى توپلىمى، شۇڭا، مەزمۇن جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تەسۋىرلەش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن جايلار ئىنتايىن تەسىرلىك يېزىلغان، ئاپتور مەۋقەسىنى ئەمەگەكچىلەر ئاممىسى تەرەپكە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغان ۋە ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولغاندىلا، ئاندىن ئاشۇنداق قۇر ۋە جۈملىلەرنى يېزىپ قالدۇرالايدۇ.

جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ۋە ئادالەتسىزلىك تەرەپلىرىنى پاش قىلىشتا، «مىڭ بىر كېچە» يالغۇز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تەسۋىرلەش ياكى ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالمىغان، بەلكى تىغ ئۇچىنى ئىمپېرىيىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى — خەلىپىگە قارىتىپ،

ئۇلارنىڭ چاكىنا يولسىزلىقى، زورلۇق- زومبۇلۇقى ۋە ئالدامچىلىقلىرىنى قاتتىق پاش قىلغان ۋە رەھىمسىز-لىك بىلەن قامچىلىغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھېكا-يىلەر كارامەت ئىبسىل يېزىلغان، ئوقىغاندا ئۇنىڭغا نۇقتىلىق دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، «بېلىقچى بىلەن خەلىپە ھەققىدە ھېكايە» دە خەلىپىنىڭ ئۆك-تەملىكى ۋە بېلىقچىنىڭ دەككە- دۈككىلىك روھىي ھالىتى ئىنچىكە سۈرەتلىنىدۇ. بېلىقچى يۈز دىنار يىغقان ئىكەن، بۇ خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ قولىغا يېتىپ قالىسىدى، دەپ ئەنسىرەپ كېچىلىرى ئۇخلى-يالماي يۈرۈپتۇ، ھارۇن رەشىد بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قالسا، ئۇنى سورايدۇ؛ ئۇنى بەرمىسەم، مېنى ھاكىمغا تاپشۇرۇپ قاتتىق قىينايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۆيىدە خىيال سۈرۈپ يېتىپ ئۆز- ئۆزىگە: «ئاشۇ ماڭا تېگىدىغان كالتەككە ھازىردىن باشلاپ بەدى-نىمنى چېنىقتۇرۇپ ئۆزۈمنى كۆندۈرۈشۈم لازىم. شۇڭا ھازىرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزۈمنى قامچا بىلەن راسا ئۇرىمەن، ئۆز- ئۆزۈمنى دۇمبالايمەن.» يەنە بىر تەرەپتىن خەلىپىگە: «مەن بىر كەمبەغەل ئادەم، مېنىڭدە يۈز دى-نار يوق، ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ... دەيمەن» دەپتۇ. بۇ جانلىق تەسۋىر ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خەلىپىسى بولغان ھارۇن رەشىدنىڭ ماھىيىتىنى راسا

ئېچىپ بېرىدۇ!

«ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى»، «ئالاۋىدىن ۋە ھېك-مەتلىك چىراغ»، «سىندىباتنىڭ دېڭىز ساياھىتى» قا-تارلىق كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان ھېكايىلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى گەۋدى-لىك ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك ئۆگىنىش كېرەك.

ئۆگەنگەندە، كىتابتا مەۋجۇت بولغان ئىدىيە جەھەت-تىكى خىلمۇخىل شاكالالارنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، كىتابتىكى خان - پادى-شاھ، لەشكەر بېشى، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە ئۆلىما - نازى-نىنلار ئۈچۈن ئابىدە تىكلەپ، مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئى-دىيەلەرنى، ئەرلەرنى ئېزىز، ئاياللارنى خار كۆرىدىغان فېئوداللىق ئاڭنى ۋە تەقدىرچىلىكنى تەرغىب قىلىدى-غان ئىدىيىنى ئاكتىپ تەنقىد قىلىشىمىز لازىم.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY0OTAuemlw",
  "filename_decoded": "40326490.zip",
  "filesize": 11002893,
  "md5": "5fc68333a4c7aa61ba0a1cb86156a34c",
  "header_md5": "ec294b14d2850eb702fa79731fcd8a4a",
  "sha1": "89d5e54962025bb8ed2790cd09755e8d996b8356",
  "sha256": "7916ecaa4354a513e2344db83445bd984f54aa168036781d606d52a3c4663921",
  "crc32": 2597683624,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 11282080,
  "pdg_dir_name": "\u2565\u2557\u255f\u00ba\u2534\u03c0\u2565\u2557\u2565\u2563\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326490",
  "pdg_main_pages_found": 215,
  "pdg_main_pages_max": 215,
  "total_pages": 224,
  "total_pixels": 636087296,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}